مۇتەپەككۇرلار گۈلىستانى

# ئىنساننىڭ لاتاپىتى ھايادۇر

(ئىبن سىنا ھېكمەتلىرىدىن)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئىنساننىڭ لاتاپىتى ھايادۇر

(ئىبن سىنا ھېكمەتلىرىدىن)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئابدۇلھەمىت ياقۇبى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئىنساننىڭ لاتاپەتتى ھايادۇر» دېگەن كىتابتا بۈيۈك تېبىبىي ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 – 1037) نىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە ئۆزبېكىستان ئەدىبلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىدىن ھېكمەتلەر» دېگەن كىتابنىڭ تەرجىمىسى بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# ئىبن سىنانىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تىبابەتچىلىكتە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى

ئىبن سىنا زادى كىم؟ دوختۇرلار ئۇنى: «مەشھۇر دوختۇر» دېسە، ماتېماتىكلار: «ياق، ئۇ مەشھۇر ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم» دەيدۇ.

«ئۇ داڭلىق شائىر ۋە ئەدىب» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئەدىبلەر.

گېئولوگلار: «ئۇ گېئولوگىيە ئىلمىنىڭ نەزەرىيىچىسى ئەمەسمۇ؟» دېسە، «ئۇ مۇزىكا ئىلمىنىڭ نەزەرىيىچىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ مۇزىكانتلار.

پەيلاسوپلار بولسا «ئۇ پەيلاسوپ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

.........................

ئاتاقلىق يازغۇچى ۋ.ۋوسكوبوينكوفنىڭ ئىبن سىنا ھاياتىغا بېغىشلاپ يازغان مۇھىم ئەسىرى «ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنا» نىڭ باش قىسمىغا مۇقەددىمە ئورنىدا يېزىلغان ئۇشبۇ قۇرلارنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەننىڭ ئىبن سىناغا بولغان قايىللىقى ھەسسىلەپ ئاشماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دەرۋەقە، ئىبن سىنا ئەنە شۇنداق كۆپ تەرەپلىمە بىلىمى بىلەن دۇنيا ئەللىرىنىڭ ھۆرمەت ساھىبىغا ئايلىنىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە تىبابەتچىلىك ئىلمىگە قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىدە ئۆزىگە مەڭگۈ ھەيكەل تىكلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىبن سىنا ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىلا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ، ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى، جۈملىدىن تىبابەتچىلىك ئىلمىگە قوشقان تۆھپىلىرى يۈزەكى ھالدىلا تىلغا ئېلىنىپ كۆپايلەندى.

كۆپـچىلىككە مـەلۇم بولغـىنـىدەك، ئۇلـۇغ ھـېكىم ئىبـن سـىنا مىلادىيـە 980 ـ يىلـى ئوتـتۇرا ئاسـىيادىكى سامانىيلار خانلىقىغا قاراشـلىق بۇخـارا يېـنىدىكى ئەفشـانەدە تۇغۇلـۇپ، 1037 ـ يىـل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ھەمـەداندا ۋاپات بولغان بولـۇپ، بىزگـىچە يېتىپ كەلگەن ماتېرىياللاردا ئىبن سىنانىڭ ۋاپاتى ھـەققىدە بىرقانچە خىل قاراش بار. «ئۇلۇغ ھېكىم ـــ ئىبن سىنا»ناملىق كىتابتا، ئۇ ئېغىر بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغاندا شاگىرتى ئۆزى ئۆگـەتكەن تەلـەپ بويىچە دورا تەييارلاپ، 39 قېتىم ئىچكۈزۈپ ئاخىرقى بىر قېتىملىقى قالغاندا، ھاياجانلانغـانلىقىدىن قولـى تىتـرەپ كېـتىپ، ئـۆرۈلۈپ كەتكـەنلىكى سـەۋەبلىك ئـۆنۈم كۆرسـىتىدىغان ئـاخىرقى دورىـنى ئىچەلـمـەي ئـۆلۈپ كەتكەنلىكى يېزىلغان بولسا، ئاتاقلىق تارىخچى مىرخۇندىنىڭ «رەۋزە تۇسسەفا» ناملىق كىتابىدا: «شەيخ ئەبۇ ئەلى ئىبـن سىنا ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا قۇلۇنجى (ئۈچەي توسۇلۇش) كېسەللىكى بىلەن ئاغرىدى ۋە بۇنىڭغا ئۈچەي يارىسى، ھوشسىزلىنىش، بوغما قوشۇلدى. شەيخ ئەبۇ ئـەلى ئىبـن سـىنا ھـەركۈنى بىـر خىـل مـەجۇن دورىـنى يـەيتتى. خىزمـەتچىلىرىدىن بىـرى ئۇنىـڭ مـال ـ مۈلكىگـە خىيانـەت قىلغانلىقتىن ئـالىمنىڭ كېسـىلى ساقىيىپ قېلىشتىن ۋە ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق جىنايىتىدىن ھېساب ئېلىنىپ تۇتۇلۇشتىن قورقۇپ، ئالىم ئۈچۈن تـەييارلانغان دورىنىڭ تەركىبىگە ئەپيۇن قوشۇپ قويىدى. ئىبن سىنانىڭ ئاغرىقى مـەزكۇر خىيانـەتچى دۈشـمەنىنىڭ قەستى ۋە ئالائىد دەۋلەگـە ھـەمراھ بولـۇپ ئېلىپ بېرىلغان جىددىي ھەرىكەتلـەر بىلـەن ئېغىرلىشىپ كېتىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەنلىكتىن، ئـالىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن مـال ـ مۈلكىـنى كەمبەغـەل ـ يوقسۇللارغا تـارقىتىپ بېرىپ، مىلادىيە 1035 ـ يىلى دۇنيادىن ئۆتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئىبـن سـىنا ئـۆز ھاياتىدا 450 پـارچىدىن ئـارتۇق ئەسـەر يېـزىپ قالدۇرغـان بولسـىمۇ، بىزگـىچە ئۇلارنىـڭ 242 پارچىسـىلا يېـتىپ كەلگەن. شۇ 242 پارچە ئەسەردىن 80 پارچىسى پەلسەپە، ئىلاھىيەت ۋە تەسەۋۋۇپـقا ئـائىت؛ 43 پارچىسـى تېبابەتكـە ئـائىت؛ 19 پارچىسـى مەنتىقىغە ئائىت؛ 26 پارچىسى پسىخولوگىيە؛ 23 پارچىسى تەبىئەت ئىلمىگـە؛ 7پارچىسـى ئاسترونومىيىگـە؛ 1 پارچىسـى ماتېماتىكىغا؛ 1

پارچىسى مۇزىكىغا؛ 2 پارچىسى خىمىيىگە؛ 9 پارچىسى ئىتىكىغا؛ 4پارچىسى ئەدەبىياتقا ۋە 8پارچىسى باشقا ئالىملار بىلەن بولغان ئىلمىي مەكتۇپلارغا بېغىشلانغان. ئۇنىڭ تېبابەتكە ئائىت يېزىلغان «ئەل ـ قانۇن»، «ئەش ـ شىفا»، «ئەل ـ قۇلۇنج»، «ئەل ـ مىزاج»، «بەدەننى ئىدارە قىلىش، شارابنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئۇنىڭ زەرەرلىرى»، «تومۇرنىڭ سوقۇشى ھەققىدە رىسالە»، «قان ئېلىنىدىغان تومۇرلار ھەققىدە رىسالە»، «شەھۋانىي قۇۋۋەتلەر ھەققىدە رىسالە»، «تۇرمۇشتىكى سەۋەنلىكلەرگە تەدبىرلەر»، «يۈرەك دورىلىرى»، «قەلب كېسەللىكلىرىنى داۋالاش»، «ئۇرجۇزە» (تېببىي داستان)، «غەمنى يوقىتىش»، «غەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە»، «ئۆمرى تەبىئىيە»، «سانجىق رىسالىسى»... قاتارلىق ئەسەرلىرى پەقەت تۈركىي مىللەتلەر تېبابەتچىلىك تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا تېبابەتچىلىك تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئاتاقلىق مېدىتسىنا تارىخچىسى ب.د. پېتروف تەرىپىدىن «ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ۋە كېسەللىككە ئائىت ھەممە مەسىلىلەرنى ئۆز دەۋرى ئىلمىي سەۋىيىسىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇكەممەل بايان قىلغان مېدىتسىنا ئېنسىكلوپېدىيىسىدۇر» دەپ نام بېرىلگەن مەشھۇر ئەسىرى «ئەل ـ قانۇن» تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى ھەر تۈرلۈك بىلىملەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولغاچقا، 12 ـ ئەسىردە ياشىغان نىزامى ئارۇزى سەمەرقەندى ئۇنى تەرىپلەپ «ئەگەر بوقرات ۋە جالىنوس (ھىپپوكرات ۋە گالېن) تىرىلىپ قالسا، بۇ كىتاب ئالدىدا سەجدە قىلىشى لازىم بولار ئىدى» دەپ يازغان.

«ئۆلۈمنىڭ سىرىنى ئېچىش» يولىدا بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن شەرقنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئەللامەسى ــ ئىبن سىنا ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەن «سىنا» (ھەيكەل) تەخەللۇسىنىڭ نامىغا لايىق تۆھپە يارىتىپ ئىلىم ـ پەننىڭ ھەقىقىي «سىنا» سىغا ئايلانغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن قەدىمكى يۇنان تېبابەت ئىلمى پېشۋالىرى ھىپپوكرات ۋە گالېن نامى بىلەن باغلىنىدىغان «مېدىئولوگىيە» ئىبن سىنادىن كېيىن دۇنيا ئىلىم ساھەسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان «مېدىتسىنا» نامىغا ئۆزگەردى. بۇ خەلقئارا نامدىكى

«مېدىت» ــــ گرېكچە مېدىئولوگىيە (تېبابەت ئىلمى) دىن ئېلىنغان بولۇپ، «سىنا» مۇقەررەركى، ئىبنى سىنا نامى بىلەن باغلىنىپ، ئۇنىڭ بۇ پەن ساھەسىدىكى كاتتا شۆھرىتىنى نامايان قىلغان. ھاياتلىقىدىلا «پەلسەپە شاھى»، «تېبابەت سۇلتانى»، «ئىككىنچى فارابى»، «ئاۋسىنېنا» دەپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىبنى سىنا ۋاپاتىدىن كېيىن غەرب دۇنياسىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ، ئالبېرت دانتىنىڭ «ئىلاھى كومېدىيە» ناملىق شېئىريي ترىلوگىيىسىدە، جوردانوبرونونىڭ «دىئالوگلار» ناملىق ئەسىرىدە، ماركس بىلەن ئېنگېلسىنىڭ «گېرمان ئىدېئولوگىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە، جاۋاھىرول نېھرونىڭ «ھىندىستاننىڭ تېپىلىشى» ناملىق كىتابىدا ھەمدە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماننىڭ مىڭلىغان ئالىم ۋە ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىندى. ئەنگلىيىلىك ئالىم ئېيى.ژ. شېللارد ئېيتقاندەك: «ئۇنىڭ نامى نۇرغۇن تۆھپىلىرى بىللە بىلەن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىدە پائالىيەت قىلماقتا.» ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە تېبابەتشۇناسلىق دەستۇرى «ئەلقانۇن فىت ـ تىب» ئىككىنچى مىڭ يىللارنىڭ تەڭدىن تولىسى مابەينىدە 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە غەرب ئالىي ئوقۇتۇش يۇرتلىرىنىڭ دەرسلىك قوللانمىسى قىلىندى. ھەتتا ياۋروپادا بۇ «شەيخۇل رەئىس» نىڭ نامىدا «ئاۋسىنېنا II» دېگەن مۇكاپات ئۇنۋانى تەسىس قىلىنىپ (ئىبنى سىناغەرب دۇنياسىدا «ئاۋسىنېنا» دەپ ئاتالغان. پادىشاھ كىكمونتVنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىلادىيە 1309 ـ يىلدىن 1557 ـ يىللىرىغىچە ئىتالىيىنىڭ مونپىلىئى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن فىت ـ تىب» ناملىق ئەسىرى دەرسلىك قىلىنغان. تۇنجى قېتىم ئىتالىيىلىك دوختۇر ياندىر فۇلىنىم «ئاۋسىنېنا II» ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان)، ھازىرقى زامان «نوبېل مۇكاپاتى» نىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. (بۇ ھەقتە پروفېسسور ئابدۇكېرىم رەھماننىڭ «يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى ئۇلۇغ ھېكىم ــــ ئىبنى سىنا» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ. ئا). شۇنىڭ ئۇچۇن دۇنيا جامائەتچىلىكى ئىنسان

www.uyghurkitap.com

ئەقلىنىڭ ئۇلۇغ بىلىش ۋە تىزگىنلەش كۈچىنى نامايان قىلغان بۇ ئۇلۇغ ھېكىمنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى ئاجايىپ يۈكسەك ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئەسلەپ كەلمەكتە. دۇنيا تىنچلىق كېڭىشىنىڭ 1952 - يىلىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 1980 - يىلى بۇ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى دۇنيا بويىچە داغدۇغىلىق خاتىرىلىگەنلىكى بۇنىڭ جانلىق دەلىلى.

ئىبن سىنانىڭ تېبابەتچىلىك ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان بولۇپ، ئىبن سىنا دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئىبن سىنا ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، داۋالاش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئىبن سىنانىڭ تېببىي تەلىماتلىرى ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت فارابىنىڭ ئىلغار نەزەرىيىۋى تەلىماتلىرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە يېڭى مەزمۇن قوشقان. قىسمەن ئالىملار ئىبن سىنا تەلىماتلىرى ئىچىدىكى بىرقىسىم مەزمۇنلارنىڭ ئەرەب تېبابەت ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىغا ياندىشىپ كېتىدىغانلىقىغا قاراپ ئىبن سىنانى «ئەرەب تېبابەت ئالىمى ۋە پەيلاسوپى» دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئۇلار ماھىيەتتە «ئەرەب تېبابەتچىلىكى نوقۇل ئەرەب مىللىتىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تېببىي ئۇتۇقى بولماستىن، ئۇ ئەرەب خەلىپىلىكى تەسەررۇپىدىكى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى كۆپ مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ پۈتكۈل تېببىي ئۇتۇقلىرىنىڭ مۇجەسسەمىدىن ئىبارەت» (ئا. مۇھەممەتئىمىن) ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىشمىغان. ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقاتچىسى سۇن جيەندى ئۆزىنىڭ «ئىبن سىنا قەدىمىي ئەرەب تېۋىپى ئەمەس» ناملىق ماقالىسىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

«تەكلىماكان قۇملۇقىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي مەدەنىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىبن سىنا تېخى دۇنياغا كەلمىگەن زامانلاردىلا تارىم ئويمانلىقىدا پەرغانە ئويمانلىقىدىكىگە ئوخشاش يۇقىرى سەۋىيىلىك تېبابەت مەدەنىيىتى ۋە مەرىپەت ئاللىقاچان مەۋجۇت

بولغان»، «فارابىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە تىبببي نەزەرىيىسى ئالىقاچانلا ئىبن سىنانىڭ ھەرخىل تەلىماتلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن»، «ئىبن سىنانىڭ ‹ئەل قانۇن› نىنى ئانالىز قىلغاندا مۇنداق بىر خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: ‹ ئەل قانۇن› قەدىمىي يۇنان تىبابىتىگە مەنسۇپ ئەمەس ھەم ھىندى تىبابىتىگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس. ئەرەب تىبابىتىگە تېخىمۇ مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى ئۇ، غەربىي دىياردىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تىبابەت ئىلمىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا تىبابىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا پامىرنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى ئۇيغۇر تىبابىتىدۇر. مەسىلەن: تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان، ئىبن سىنادىن 290 يىل بۇرۇن يېزىلغان ‹ئۇيغۇر تىبابىتى يازما يادىكارلىقلىرى› دا ئىچكى ئەزا يارا كېسەللىكلىرى سەۋەبىنىڭ كۆپىنچە قان ۋە سەپرادىن ئىكەنلىكى؛ بەلغەم، سوغۇق يەل، ئوت ۋە باشقا سەۋەبلەرنىڭ ساقايتقىلى بولمايدىغان ئۆسمە كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى؛ نامازشام قارىغۇسىنى داۋالاش؛ قان سىيىشنى داۋالاش، غالجىر ئىت كېسەللىكىنى داۋالاش؛ بەرەس كېسەللىكىدە ئارپىبەدىيان ئىشلىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۇيغۇر تىبببي ـ دورىگەرلىك ساۋاتلىرىنىڭ قايسى ۋاقىتتا ۋە قانداق ئۇسۇلدا ئىبن سىنا ‹ئەلقانۇن› نىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى بىزگە نامەلۇم. يەنە مەسىلەن ئېيتايلۇق: بالا ساغۇندا تۇغۇلغان فارابى پەيلاسوپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەمەلىيەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن تىبببي ئالىم ئىدى. ئۇ 4 چوڭ ماددا تەلىماتىنى ئىبن سىنادىن 30 يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ‹ئادەم ئاناتومىيە ئىلمى›، ‹نىرۋا ئىلمى›، ‹ئەزالارنىڭ خىزمىتى›، ‹تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق، ھۆل ـ قۇرغاقلىقى› قاتارلىق ئەسەرلىرى 30 يىلدىن كېيىن يەنە ئىبن سىنانىڭ ‹ئەل قانۇن› نىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىمۇ بىر ئەمەلىيەت...»

ئۇلۇغ ھېكىم ئىبن سىنانىڭ تىبببي ئەسەرلىرى بىلەن قىسمەن بولسىمۇ تونۇشلۇق بولغان كىشىلىرىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىبن سىنا تىبابەتچىلىك ئىلمى توغرىسىدا تەبىر بېرىپ: «تىبابەتچىلىك شۇنداق ئىلىمكى، ئۇ ساغلاملىق ۋە كېسەللىك جەھەتلىرىدىن ئادەم

www.uyghurkitap.com

بەدىنىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى ساقلىقنى ساقلاپ، يوقىتىلغان ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت» دەيدۇ. ئۇ تىبابەتچىلىك ئىلمىنى خۇددى فارابىدەك «نەزەرىي تىبابەتچىلىك» ۋە «ئەمەلىي تىبابەتچىلىك» تىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلىدۇ. ئۇ: «تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى دېگەندە، بىز تىبابەتچىلىك قانۇنلىرىنى ئۆگىنىشنى چۈشىنىمىز» دەيدۇ. ئىبن سىنا تىبابەتچىلىكنى ساغلاملىق ۋە كېسەلچىلىكتىن ئىبارەت قارىمۇقارشى ھادىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم سۈپىتىدە ئىزاھلاش بىلەن، ئۆز كىتابىغا «تىب قانۇنلىرى» دەپ نام بەرگەن. ئىبن سىنا تىبابەتچىلىك قانۇنلىرىنى «ئومۇمىي قانۇنىيەتلەر ۋە خۇسۇسىي قانۇنىيەتلەر» دەپ ئىككى كاتېگورىيىگە بۆلگەن.

بىزگە مەلۇمكى، مەيلى تېۋىپ بولسۇن ۋەياكى ئادەتتىكى بىر شەخس بولسۇن، ھەممىسى چوقۇم ئىنسان مىزاجىنى تولۇق بىلىشى زۆرۈر. ئۆز مىزاجىنى بىلگەن ئادەم ئۆز سالامەتلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. ھېكىم ئىبن سىنا «ئەل قانۇن» ناملىق كىتابىدا مىزاج ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ مىزاجى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلگىنكى ھەربىر ھايۋان ۋە ھەربىر ئەزادا ئىمكانىيەت كۆتۈرگىنىچە ئۆزىگە لايىق ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى ۋە ئەھۋالىغا مۇناسىپ مىزاج بولىدۇ، بۇنىڭ ھەقىقىتىنى تەكشۈرۈش تېۋىپقا ئەمەس، پەيلاسوپقا تەئەللۇقتۇر. ئادەمگە شۇ ئادەمدە بولۇش مۇمكىن بولغان ۋە ئادەمنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە تەسىرلىنىشىگە ۋاستە بولىدىغان قۇۋۋەتلەرگە مۇناسىپ ئەڭ مۆتىدىل مىزاجى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر ئەزاغا لايىق مىزاج بولىدۇ. يەنى بەزى ئەزا ئىسسىقراق ۋە بەزىسى سوغۇقراق، بەزىسى قۇرۇقراق، بەزىسى ھۆلرەك بولىدۇ .

بەدەندىكى ئەڭ ئىسسىق نەرسە روھ ۋە روھنىڭ پەيدا بولۇش ئورنى — يۈرەكتۇر. ئۇنىدىن كېيىنكى دەرىجىدە تۇرغۇچى قاندۇر. چۈنكى قان جىگەردە پەيدا بولسىمۇ، يۈرەك بىلەن باغلانغانلىقى ئۈچۈن، جىگەردە يوق ئىسسىقلىقنى ئۇ يەردە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن

كېيىنكى دەرىجىدىكى ئىسسىق مىزاجلىق ئەزا جىگەردۇر. چۈنكى جىگەر قاتقان قان كەبىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆپكە، ئۇنىڭدىن كېيىن گۆش (مۇسكۇل) تۇر. مۇسكۇلغا سوغۇق مىزاجلىق ئەسەب تالالىرى تۇتاشقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى ئۆپكىنىڭكىدىن كەمرەكتۇر. مۇسكۇلدىن كېيىن ئىسسىق مىزاجلىق ئەزا مۇشەكلەردۇر. مۇشەك ئەسەبلەرنىڭ ۋە كۆمۈرچەكلەرنىڭ كېلىپ تۇتىشىش سەۋەبلىك ئىسسىقلىقتا ئادەم مۇسكۇلىدىن تۆۋەنرەكتۇر. ئۇندىن كېيىنكىسى تالدۇر. چۈنكى تالدا قان قويۇلۇش (قويقاسى) باردۇر. ئۇندىن كېيىنكىسى بۆرەكتۇر. بۇنىڭدا قان كۆپ ئەمەس. ئۇندىن كېيىنكىسى ھەرىكەتلىك تومۇرلار (ئارتېرىيىلەر) تەبىقىسىدۇر. بۇ تەبىقىنىڭ ئىسسىقلىقى ئەسەبكە نىسبەتلىك ماددىدىن بولغانلىقى سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدىكى قان ۋە روھنىڭ ئىسسىقلىقىنى قوبۇل قىلىشلىرى سەۋەبلىكتۇر. ئۇندىن كېيىن ھەرىكەتسىز تومۇرلار (ۋېنالار) تەبىقىسى تۇرىدۇ. بۇلار ئىسسىقلىقنى پەقەت قاندىن ئالىدۇ. ئۇندىن كېيىن تېرە ۋە ئالىقاننىڭ مۆتىدىل مىزاجلىق تېرىسى تۇرىدۇ.

بەدەندىكى ئەڭ سوغۇق مىزاجلىق نەرسە بەلغەم، ئۇندىن كېيىن چاۋا ياغ، موي، سۆڭەك، تاغاق، كۆمۈرچەك، پەيلەر، پەردىلەر، ئەسەبلەر، ئارقا مېڭە، باش مېڭە ۋە سىرتقى تېرىدۇر.

بەدەندىكى ئەڭ ھۆل نەرسە بەلغەم، قان، ياغ، چاۋا، باش مېڭە، ئارقا مېڭە، ئەمچەك ۋە ئۇرۇقدان مۇسكۇلى، ئاندىن كېيىن ئۆپكە، جىگەر، تال، بۆرەكلەر، مۇشەكلەر، ئاندىن تېرىدۇر.»

«بەدەن تېرىسىنىڭ ئەڭ مۆتىدىلى قول تېرىسى بولۇپ، قول تېرىسىنىڭ ئەڭ مۆتىدىل جايى ئالىقان تېرىسى، بۇنىڭ ئەڭ مۆتىدىل جايى ئالىقان ئوتتۇرىسىنىڭ تېرىسى. بۇندىن مۆتىدىلرەكى بارماقلار تېرىسى. بۇندىن مۆتىدىلرەكى كۆرسەتكۈچ بارماق تېرىسى، بۇنىڭ ئەڭ مۆتىدىل جايى بارماق ئۇچىنىڭ تېرىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرسەتكۈچ بارماق ۋە باش بارماقلارنىڭ ئۇچلىرى، تېگىپ بىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ دەرىجىلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىپ بەرگۈچىلەردۇر.»

ئىبن سىنا ئەزالارنىڭ مىزاجلىرى ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىرگە، يەنە مىزاجنى بىلىش ھەققىدىمۇ قىسمەن توختالغان. ئۇ «تېببىي داستان» ىدا بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

ئۇندىن كېيىن كېلۇر ساڭا ئىلمىي مىزاج،
ئۇنىڭ ھۆكمى ياردەم بېرۇر قىلساڭ ئىلاج.
ئەمما مىزاج قۇۋۋەتلىرى تۆتلا ھەرگىز،
ھېكىم ئۇنى قوشۇپ ئېيتۇر ياكى يالغۇز.
ئۇلار ـــ ئىسسىق، سوغۇق، يۇمشاق، قۇرۇق ئېرۇر،
تۇتۇپ كۆرسە ھەركىم ئۇنى ئېنىق سېزۇر.
مىزاج قۇۋۋەتلىرى روكىن زامانلاردا،
ئۆسەر نەرسىلەردە بارچە ماكانلاردا.
ئىپادىلىنەر ئېگىلگەن بىخايەتتە.
ئىسسىقلىق ئۇ ئوت، ھاۋادا مەۋجۇت ئېرۇر،
سوغۇق بولسا ـــ تۇپراق بىلەن سۇدىن كېلۇر.
قۇرۇقلۇق ئوت بىلەن تۇپراق بىلەن مابەينىدە،
ھۆللۈك بولسا ـــ سۇ ھەم بۇلۇتنىڭ قوينىدا.
بىرىكەر بار، بىرىكمەس بار ۋۇجۇد ئۆزرە،
بىرگە بارلىق ھاكىم بولمىش جەۋھەر ئىچىدە.
بىر تەبىئەت كۆرۈنىدۇ تۇرلۇك ـ تۇمەن،
ئەمما زىت بوپ كۆرۈنمەي دەپ ئۇ بىرىككەن.
مۇرەككەپ ماددا مىزاجىنى تەرىپ ئەتسەك،
ئۇندىن بىرى ئارتۇق بولۇر، بىرى كەمرەك.
ئۇ ئۆزىدە تۆت سۈپەتنى جەملەپ ئالغان،
شۇ سەۋەبلىك ئۇ مۆتىدىل بولۇپ قالغان.
بىر مىقداردا بىرلەشكەن بۇ تۆت خىل نەرسە،
بۆلگەن كەبى ئۇنى ئەسلىي بىر ئۆلچەمدە.
مۆتىدىللىكتىن بولۇشقان ئۇلار بىرئاز،
بىرتەرەپكە مايىل بولغان ھەربىر مىزاج.
ئەسلا ئۇلار قۇۋۋەتلەردىن خالىي بولماس،

مىزاجلاردا قۇۋۋەتلەرمۇ تەڭپۇڭ تۇرماس.
ئۇنداق مىزاجلار غالىب ئۇ، شۇنداق بولۇر،
يا ئوتلۇق يا تۇپراق، سۇلۇق دەپ ئاتىلۇر،
بۇ مىزاجنىڭ بىر تۈرى بار يەلگە نىسبەت،
بۇ ھەممىسى ئىستىلادا شۇنداق ئەلۋەتتە.
مىزاجلارنىڭ توققۇز خىلىنى قىلدىم ئايان،
ئىجاد بىلەن سۆز قاتمىدىم ئەيلەپ بايان.

مەيلى ئەزالار مىزاجىنى ئېنىقلاش بولسۇن ۋەياكى پەسىللەر مىزاجىنى ئېنىقلاش بولسۇن ئوتتۇرا ئەسىرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى زور ئىلگىرىلەش ئىدى. زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دەۋردىكى مىزاج تەلىماتى بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئىبنى سىنا تەرىپىدىن مۇكەممەللەشكەن مىزاج تەلىماتىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئىبنى سىنا مىزاج تەلىماتىنىڭ بۈگۈنكى تەلىماتلار ئۈچۈن ئۈرنەك بولۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ تېبابەت دەستۇرى «ئەل قانۇن»دا شەقىقە، ئۆپكە ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، نېرۋا كېسەللىكى قاتارلىق ئېغىر كېسەللىكلەرنى تۇنجى بولۇپ تەتقىق قىلغان. ئۇ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن؛ ئۇ يەنە دۇنيادا تۇنجى بولۇپ، چۇما كېسىلىنى ۋابادىن پەرقلەندۈرگەن ھەمدە ماخاۋ، سېرىق كېسەل، كۆيدۈرگىنىڭ تەرىپىنى ۋە دىئاگنوزىنى كۆرسىتىپ بەرگەن؛ ئۇ يەنە تۇنجى قېتىم كۆز مۇسكۇللىرىنىڭ تورلىشىشىنى تەرىپلەپ، كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسىلىنى جەرراھلىق (ئوپېراتسىيە قىلىش، يېرىش) يولى بىلەن داۋالاشنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن؛ سىفلىس، قىزىل، ۋابا قاتارلىق تېز تارقالغۇچى كېسەللىكلەرنى تۇنجى قېتىم ئېنىقلاپ، بۇ كېسەللىكلەرنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئۇششاق جاراسىملارنىڭ (مىكروب، ۋىرۇس) كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. يەتتە ئەسىردىن كېيىن ئەنگلىيىلىك ئانتون لېۋىنكوك (1632 – 1723) تەرىپىدىن

مىكروسكوپتا باكتېرىيە (مىكروپ) لەر بايقالغاندىن كېيىن، ئىبن سىنانىڭ بۇ قارىشىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان.

بىزگە مەلۇمكى، دۇنيادا مىكروسكوپ 1667 - يىلى ئەنگلىيىلىك ھۈجەيرىشۇناس روبېرت كوك تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغان ۋە شۇندىن كېيىن ھۈجەيرە تالالىرىنى تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان. ۋەھالەنكى ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 يىللار بۇرۇن ئىبن سىنا تۇنجى قېتىم نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى تەرىپلەپ: «نېرۋىلار مېڭە ۋە ئارقا مېڭىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان تاق ئەۋرىشىم جىسىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ئاجرىلىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس. نېرۋىلار سېزىم ۋە ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ» دېگەن. ئىبن سىنا كېسەللىكنى بايقاشنىڭ 60 تۈرلۈك ئاددىي، 30 تۈرلۈك مۇرەككەپ تومۇر ھەرىكىتى، كۈچى، تېزلىكى، رىتىمى ھەققىدە توختىلىپ، تومۇر تۇتۇشنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە مەسىلىلىرىگە ئېنىقلىما بەرگەن ۋە تۇنجى قېتىم كۆكرەكنى بارماق ئۈستىدىن چېكىپ يۈرەك ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئىبن سىنانىڭ قەنت سىيىش (دىئابېت) كېسىلىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى، قان ئېلىش، روھىي كېسەللىكلەرنى بايقاش ۋە داۋالاش، مىزاج - خىلىتلار تەلىماتى، سۇنۇقنى داۋالاش ئۇسۇلى... قاتارلىقلار ئىجادىيلىقتا ۋە خاسلىقتا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن كېسەللىك رېتسېپلىرى ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ھېكىم ئىبن سىنا ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ھەققىدىمۇ بىر قاتار تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ «بالىياتقۇ راكىنى داۋالاشتا دەستىكار (ئوپېراتسىيە) ئۇسۇلى قوللانغاندا، ئەتراپىقا يامرايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا داغلاشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم» دەپ قارىغان ھەمدە بالىياتقۇ راكىنى داۋالاشتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئۇ يەنە بالىياتقۇ يېرىلىش كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ داۋاسى ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «بالىياتقۇ يېرىلىش مىزاجىنىڭ ماددىلىق بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئالدى بىلەن مەزكۇر ماددىنى پىشۇرۇپ، سۈرۈپ چىقىرىش، ئاندىن

يـەرلـىك ئورۇنغـا بىنەپشـە يىغىـنى مـۇم يـىغى (قـرۇتى) بىلـەن بىرلەشتۇرۇپ ھەمەل قىلىش؛ شۇنىڭ بىلـەن مەقئەت يېرىلىش (شەققا قۇلمەقئەد) كېسەللىكىدە كۆرسىتىلگەن ئىلاجلارنى تاللاپ قوللىنىش؛ مەلھەمى باسلىقۇننى رەۋغىنى بىنەفشە بىلەن بىللە ھەمەلچە قىلىش لازىم. ئەگەر پەرج ۋە رەھىمنىڭ ئاجىزلىقىدىن يېرىلىش يۈز بەرگەن بولسا، سۆسەن يىغى بىلەن ئاقاقىيانى بىرلەشتۇرۇپ ھەمەلچە قىلىش؛ قىزىلگۈل، گۈلنارلارنى قاينىتىپ دائىم ئىستىنجا قىلىش (جىنسىي يولـنى يۇيـۇش) كېرەك. زەيتۇن يـىغى قوشـۇپ ئىشلەتسە تېخىمۇ ياخشى.

مىزاج سازەج (مادىسىز) بۇزۇلۇشتىن باليىاتقۇ يېرىلغان بولسا، تۇتىيانى گـۈل يـىغىدا سـۇرۇپ ھەمەلچە قىلىش لازىم. باليىاتقۇ يېرىلىشىنىڭ مەنبەسى بەدەندە قۇرۇقلۇقنىڭ غەلىبىسىدىن بولسا، ئومۇمىي بەدەننى ھۆللەندۇرۇش، بەدەننى سەۋدادىن تازىلاش، ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. شەربىتى بىنەپشە، شەربىتى خەشخاشلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، رەۋغىنى بادام، رەۋغىنى بىنەپشە، توخۇ يـىغى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش؛ باليىاتقۇ يارىسى ۋە مەقئەت يېرىلىشتا قىلىنىدىغان ئىلاجلارنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم.»

ئىبن سىنا ئىشق كېسەللىكى ئۇستىدە بىرىنچى بولۇپ تەجرىبە ئېلىپ بارغان ھېكىم بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە دورىسىز ھالدا كېسەل داۋالاش — روھىي جەھەتتىن داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان تېۋىپ ئىدى. بۇ ھەقتە ھەرخىل ھىكايەت - رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ، بۇلار بىزنى ئىشەنچىلىك مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. چۈنكى ئەنگلىيىلىك ئالىم توماس ھېكسىلىي «ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى» ناملىق كىتابىدا ئېيتقىنىدەك: «قەدىمكى زاماننىڭ رىۋايەتلىرىنى ھازىرقى زاماننىڭ جىددىي پەننىي ئۇسۇلى بىلەن تەكشۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپى چۆشكە ئوخشاش ئاددىي غايىب بولىدۇ. لېكىن شۇنىسى ئاجايىپكى، چۆشكە ئوخشايدىغان مۇنداق رىۋايەتلەر كۆپ ھاللاردا يېرىم ئويغاق، يېرىم ئۇخلاۋاتقان ھالەتتىكى چۈشتىن

www.uyghurkitap.com

ئىبارەت بولۇپ، ئۇ چىنلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ.» شۇ سەۋەبلىك بىز ئىبن سىنانىڭ روھى جەھەتتىن كېسەل داۋالاشتىغا ئائىت قىسمەن ھېكايە - رىۋايەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتۈشنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىمىز.

## ئۆمۈر دورىسى

ئىبن سىنا دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمەنى، تېۋىپلارنىڭ تېۋىپى ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى شەھەرلىك بىر كىشى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ تېۋىپ، سىزنى مىڭ بىر دەردكە داۋا تاپقان تېۋىپ دېيىشىدۇ، لوقمان ھېكىمدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەنمىشسەن، شۇ گەپ توغرىمۇ؟

— گېپىڭ ناتوغرا، لوقمان ھېكىمدىن ئۆتۈپ كېتىش ماڭا نەدە تۇرۇپتۇ. ئۇ ھەزرەتكە كىچىك بىر شاگىرت بولالىسام ئۆزۈمنى ئەڭ بەختىيار كىشى ھېسابلار ئىدىم. ئەمدى مىڭ بىر دەردكە داۋا تاپقىنىمغا كەلسەك، بۇ سوئالىڭغا ھەم «ھەئە» ھەم «ياق» دەپ جاۋاب بېرىمەن. «ھەئە» نىڭ مەنىسى شۇكى، كۆپ دەردكە داۋا تاپقىنىم توغرا، قولۇمدا ناھايىتى كۆپ خەستىلەر شىپا تاپتى. «ياق» نىڭ مەنىسى شۇكى، تېخى مەن بىلمىگەن كېسەللىكلەر ناھايىتى كۆپ، — دەپتۇ ئىبن سىنا.

— ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى يەنە.

— بۇ سوئالغىمۇ جاۋاب بېرىش مۇمكىن، — دەپتۇ ئىبن سىنا، — ئۆلۈمنى داۋالاشنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش يوللىرىنى بىلىمەن.

— شۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويساڭ! — دەپ سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ھېلىقى ئادەم. ئىبن سىنا:

— مەيلى ئۆگىتىپ قويسام قوياي. سەن مەن بىلەن ئۆزۈم كۆكەرتكەن باغقا كىرسەن، باغدا ساڭا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورا بېرىمەن، — دەپتۇ ۋە ھېلىقى كىشىنى باشلاپ، ئۆز بېغىغا ئېلىپ

كىرىپتۇ. ئۇنىڭ قولىغا بىر تۇپ چىنار بىلەن بىر تۇپ نەشپۈت كۆچىتى بېرىپ:
— مانا بۇ چىنار كۆچىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا ئۆزۈڭگە ئۆي سالىسەن، ماۋۇ نەشپۈت كۆچىتىنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ، مېنى نەشپۈت يېيىشكە چاقىرىسەن. شۇ چاغدا مەندىن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورىنى ئالىسەن،— دەپتۇ.
شەھەرلىك كىشى چىنارنى ئۆستۈرۈپ ئۆي سالماقچى، نەشپۈتنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ، ھوسۇل تويىغا ئىبن سىنانى چاقىرماقچى بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. مېھنەت كەينىدىن مېھنەت قىلىۋېرىپ، ھايات زەۋق - شەۋقى بىلەن ياشاپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ يۈز ياشتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قاپتۇ.

## ھاراقكەشنىڭ داۋاسى

بىر كىشىنىڭ ئوغلى ئىچىملىككە بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئەتىدىن كەچكىچە ئىچىپ، ھېچكىمگە تىنچلىق بەرمەيدىغان بوپتۇ. دادىسى ئۇنى يېتىلەپ ئىبن سىنانىڭ قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ ۋە :
— سىنى ھېكىملەرنىڭ ھېكىمى، دەپ تەرىپلىشىدۇ، مۇشۇ ئوغلۇمنى داۋالاپ، توغرا يولغا سېلىپ بەرسەڭ، — دەپتۇ.
— نېمە كېسىلى بار؟— دەپ سوراپتۇ ئىبن سىنا.
— ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتتى. بۇ يولدىن ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ توسالمىدىم، — دەپتۇ ئۇ كىشى.
ئىبن سىنا مۇنداق كېسەلنى ھەقىقەتەن داۋالاپ باقمىغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن «مەيلى داۋالىسام داۋالاپ باقاي، ئۇنداقتا سەن ماڭا بىر بۇلبۇل، بىر ئېيىق، بىر توڭگۇز، ئىككى مايمۇن كەلتۈرىسەن» دەپتۇ. بالىنىڭ دادىسى ئىبن سىنانىڭ دېگەنلىرىنى كەلتۈرۈپتۇ. ھېكىم ئۇنىڭ ھەربىرىنى ئالاھىدە قەپەسلەرگە سولاپتۇ. كېيىن بىر خىزمەتكارىغا بىر پىيالە مەي ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار ۋەزىپىنى بېجىرگەندىن كېيىن ھېكىم ئۇنىڭغا بۇلبۇل تۇرغان قەپەسكە كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار

قەپەسكە كىرىپ، بىر دەمدىن كېيىن بۇلبۇلغا قوشۇلۇپ سايراشقا باشلاپتۇ. ناخشا ئېيتىپتۇ، ئۇ شۇچاغدا شۇنچىلىك لەززەتلىنىپتۇكى، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ھېلىقى يىگىت بىلەن ئىبن سىنانىڭمۇ ھەۋىسى كەپتۇ.

ئەتىسى ئىبن سىنا خىزمەتكارىغا ئىككى پىيالە مەي بېرىپ، ئېيىق تۇرغان قەپەسنىڭ يېنىغا كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزى ھېلىقى كېسەل يىگىت بىلەن يىراقتا قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا ھېلىقى مەي ئىچكەن خىزمەتكار راۋرۇس قىزىپ، ئېيىققا ئوخشاش ھۆركىرەپ، ئۇنىڭغا تاشلىنىپتۇ. ئېيىقنى ئۇرۇپ يىقىتماقچى بوپتۇ. ئىبن سىنا ئۇنى ھېلىقى ئىچەرمەن يىگىتكە كۆرسىتىپ: «قانداق، تونۇدۇڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «ياق، تونۇمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ. «ياخشى!» دەپتۇ ئىبن سىنا.

ئىبن سىنا ئەتىسى شۇ خىزمەتكارىغا ئۈچ پىيالە مەي ئىچۈرۈپ، توڭگۇزنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. خىزمەتكار توڭگۇز نېمە ئىش قىلسا شۇنى قىلىپتۇ. پاتقاققا مىلەنسە، پاتقاققا مىلىنىپتۇ. توپىغا ئېغىنىسا ئېغناپتۇ. ئىبن سىنا ھېلىقى يىگىتكە قاراپ: «تونۇدۇڭمۇ؟» دەپتۇ. «ياق، تونۇمىدىم» دەپتۇ ئۇ يىگىت. «ياخشى!» دەپتۇ ئىبن سىنا. كېيىن خىزمەتكارىغا تۆت پىيالە مەي ئىچۈرۈپ، مايمۇننىڭ قەپىسىگە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. خىزمەتكار بىردەمنىڭ ئۆزىدىلا مايمۇننىڭ ئۆزى بولۇپ قاپتۇ. ئىبن سىنا يىگىتكە «تونۇدۇڭمۇ؟» دەپتۇ. «ياق، تونۇمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ، كېيىن ئىبن سىنا ئۇ يىگىتكە :

— ھەممىسى بىر ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ كېيىمىنى ئۆزگەرتتىم خالاس. باشقا يېرى ئۇنىڭ ئۆزى شۇ. ئۇنى ئىچكەن مەي ئۆزگەرتتى. بىر پىيالىدە بۇلبۇل بولدى. ئىككى پىيالىدە ئۆزىنى ئېيىق ھېسابلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولدى. ئۈچ پىيالىدە توڭگۇزغا ئايلاندى. تۆت پىيالىدە ئۆزىنى كۆردۈڭ، مايمۇندىن پەرقى قالمىدى. ھە، سەنمۇ ئىچكەن چاغلىرىڭدا بۇنىڭدىن بەش بەتتەر بولاتتىڭ، — دەپتۇ.

ئىچەرمەن يىگىت:



www.uyghurkitap.com

— ئەي ئۇلۇغ ھېكىم، سەن مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتىڭ، بۇندىن كېيىن مەي ئىچمىگىنىم ئىچمىگەن. ۋەدىسىدە تۇرمىغان نامەرد!— دەپتۇ ۋە ئىبنى سىناغا رەھمەت - ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.
شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ مەينى ئاغزىغا ئالمىغانىكەن.

## مالىخۇلىيا كېسىلىنى داۋالاش

بۇئىيلار ئەۋلادىدىن بولغان بىر مەشھۇر كىشىدە مالىخۇلىيا كېسەللىكى پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى بۇقا دەپ ھېس قىلىشقا باشلاپتۇ. بىمار كۈندە تىنىماي بۇقىدەك ھۆركىرەيدىكەن ۋە كۆرگەنلا ئادەمگە: «مېنى سويۇڭلار، گۆشۈم شورپىغا ئىنتايىن باب!» دەيدىكەن. ئىش ئاخىرى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇكى، بىمار ھېچنەرسە يېمەس - ئىچمەس بولۇۋاپتۇ. تېۋىپلار ئۇنى داۋالاشقا ئاجىز كەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، تېۋىپلار ئاشۇ بىمارنى داۋالاشقا ئاجىز كېلىپ، ئۇلۇغ ھۆكۈمدار شاھىنشاھ ئالائۇد دەۋلەگە بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىشتى ۋە ئىلتىماس قىلىپ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئىبنى سىنانى ئاشۇ يىگىتنى داۋالاشقا كۆندۈرۈشنى سوراشتى. ئالائۇد دەۋلە ئىبنى سىناغا ئېيتقان ئىدى، ئۇ قوبۇل قىلدى.
شۇندىن كېيىن ئىبنى سىنا كىشىلەرگە: «بېرىڭلار، قاسساپ سېنى سويغىلى كېلىۋاتىدۇ دەپ خەۋەر قىلىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. يىگىتكە شۇنداق دەپ خەۋەر بەرگەندە ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى.
ئىبنى سىنا ئاتقا مىنىپ بىمارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىككى كىشى بىلەن ئۆيگە كىرىپ، يېنىدىن پىچاقنى چىقاردى - دە، «سويىدىغان بۇقا قەيەردە؟» دەپ سورىدى. بىمار يىگىت گويا «مەن مۇشۇ يەردە» دېگەندەك قىلىپ ھۆركىرىدى. ئىبنى سىنا: «پۇت - قولىنى باغلاپ، ئوتتۇرىغا ياتقۇزۇڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان بىمار يۈگۈرۈپ، ھويلا ئوتتۇرىسىغا باردى - دە، ئوڭ تەرىپىنى قىلىپ ياتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ پۇت - قولىنى مەھكەم باغلاشتى.

www.uyghurkitap.com

ئىبىن سىنا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پىچاقنى بىلىدى. قاسساپلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئولتۇرۇپ قولى بىلەن بىمارنى تۇتۇپ باقتى ـ دە، «ئەھا، بۇ بۇقا ئىنتايىن ئورۇققۇ! سويۇشقا ئەرزىمەيدۇ. كۆپرەك ئوت بېرىڭلار، سەمرىسۇن!» دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىپ ئادەملەرگە: «قول ـ پۇتىنى يېشىپ، مەن ئېيتقان يېمەكلىكلەردىن ئالدىغا قويۇڭلار ـ دە، يە، تېزرەك سەمرىيسەن، دەپ ئېيتىڭلار!» دېدى.

كىشىلەر ئىبن سىنانىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىشتى، ئۇنىڭ ئالدىغا تاماق ئېلىپ كەلسە بىمار توختىماي يەيتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىبن سىنا بۇيرۇغان شەربەت دورىلىرىنى ئالدىغا قويۇپ: «ياخشى يەپ ـ ئىچ! بۇ نەرسىلەر بۇقىنى سەمرىتىدۇ!» دېيىشتى. بىمار ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىغا قۇلاق سالاتتى. تېزرەك سەمرىسەم ئاندىن مېنى سويىدۇ، دېگەن ئۈمىدتە رەت قىلماي ئىستېمال قىلاتتى .

شۇنداق قىلىپ تېۋىپلار ئىبن سىنا دەستۇرى بويىچە داۋالاشنى داۋام ئەتكۈزۈۋەردى. بىمار بىر ئاي ئىچىدە ئۆزىگە كېلىپ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى.

يۇقىرىقى ئۈچ پارچە رىۋايەت ـ ھېكايەتلەر ئىلگىرى پەقەت رىۋايەت بولغاچقا ئىشىنىشكە بولمايدۇ دەپ قاراپ كېلىنگەن. بولۇپمۇ ئۈچىنچى ھېكايەت شۇنداق قارالغان ئىدى. ئىبن سىنانىڭ «يۈرەك دورىلىرى» ناملىق ئەسىرى خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇ ھېكايەتنىڭ چىنلىقى ئىسپاتلاندى. مەزكۇر ئەسەرنىڭ 90 ـ بېتىدە ئىبن سىنا مالىخولىيا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىنى داۋالاش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ھۆكۈمەت مەنسىپىدە تۇرغان كىشىلەردىن بىرىنىڭ مەنىيە (تەلۋىلىك ـ يىرتقۇچلۇق) ۋە ۋەھشىي تەلۋىلىككە ياتىدىغان ئېغىر مالىخولىيا كېسىلىنى شۇ دورا بىلەن داۋالاپ تۈزەتتىم. ئۇنىڭ مۆتىدىل قىلىپ تەييارلانغان تەركىبىگە بىر مىسقال (3.3125 گىرام) ئۇششاق سوقۇلغان ئانار رەڭلىك نەپىس ياقۇت قوشتۇم. ئۇ بەك ياخشى مەنپەئەتكە ئېرىشتى ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن زور ئىقبالغا يۈزلەندى.»

دېمەك، ئىبن سىنا تېبابەتتىكى كامالىتى بىلەن

كېسەللىكلەرنى دورا، يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق داۋالاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى روھىي جەھەتتىن داۋالاشتىمۇ يۇقىرى شۆھرەت قازانغان. ئۇ يەنە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى ھەققىدىمۇ ئىلغار كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ناملىق كىتابتا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان بولغاچقا، بۇ يەردە سۆزنى قىسقارتىمىز.

ئىبن سىنا كۆز كېسەللىكلىرى ھەققىدە توختالغاندا: «كۆز ياللۇغلىنىشىدا، ياستۇقنىڭ ئېگىز قويۇلۇشى ۋە باشنى تۆۋەن ئېگىشتۇرۇشتىن ساقلىنىش زۆرۈر تەدبىرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ» دېسە، ئېغىز پۇراش كېسەللىكى ھەققىدە: «ئېغىز پۇرىشى چىش مىلىكىنىڭ سېسىشى، بوشىشىدىن ياكى ئېغىز شىللىق پەردىلىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش جايى ئاشقازاننىڭ ئاغزى بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. جىگەر تىقىلمىسى ۋە ئىستىسقا ھەققىدە: «جىگەردە تىقىلمىلار كۆپىيىپ ئۇزۇنغا سوزۇلسا، ئىستىسقا پەيدا قىلغۇچى سېسىشقا، ئىستىسقىغا ئېلىپ كېلىدىغان ئىششىقلارغا ۋە قاتتىق ئاغرىقلار پەيدا قىلىدىغان يەللەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا بېرىپ يېتىدۇ. تىقىلمىلار جىگەر كېسەللىكلىرىنىڭ ‹ئانىسى› دۇر» ، «ئىستىسقا تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئالدى بىلەن ئىككى پۇت ئىششىيدۇ... يەنە قول، كۆز ۋە پۇت بارماقلىرىمۇ ئىششىيدۇ. ئىستىسقىنىڭ ھەممە تۈرلىرىمۇ قاتتىق ئۇسسۇزلۇق ۋە دەم سىقىشىسىز بولمايدۇ، سۇغا ئىشتىھا كۈچلۈكلۈكىدىن تاماققا ئىشتىھا ئاز بولىدۇ» دەيدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ تېبابەتكە دائىر ھەرقانداق ئەسىرى ئۆز قىممىتىنى كۈنسېرى نۇرلاندۇرۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر تېبابىتى شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا تېبابىتى ئۈچۈن «سىنا» (ھەيكەل) بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئىبن سىنانىڭ تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى تۆھپىسىنى زەررىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئىبن سىنانىڭ تېبابەت جەھەتتىكى تۆھپىسى دېگىز بولسا، بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ۋە تەتقىق قىلغانلىرىمىز تامچىدۇر، خالاس. شۇ سەۋەبلىك ئىبن سىنانىڭ تېببىي تۆھپىلىرىدىكى ھەربىر تۈر ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم

www.uyghurkitap.com

تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتىمىزنىڭ يۆنىلىشى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. ئىبن سىنا: «ئەل قانۇن فىت ـ تىب»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى.
2. ئىبن سىنا: «يۈرەك دورىلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى.
3. ئىبن سىنا: «تۇرمۇشتىكى سەۋەنلىكلەرگە تەدبىرلەر»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى.
4. مەھمۇد ھەسەنىي: «تېبابەت دۇردانىلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.
5. «يىپەك يولى مەدەنىيەت قامۇسى»، قىزىلبايراق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
6. ئىبراھىم ئاگاھ چۈيۈكچۈ: «تۈرك ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى»، 1989 ـ يىل ئەنقەرە تۈركچە نەشرى.
7. ۋ.ۋوسكوبوينىكوف: «ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنا». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.
8. ئەيسا ناسىر: «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.
9. ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈفى: «ئۇيغۇر تېبابىتى روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمى». شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى. 1991 ـ يىل نەشرى.
10. مەنگىارخان ھاجى: «ئۇيغۇر تېبابىتى تۇغۇتشۇناسلىق ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى». شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى. 1988 ـ يىل نەشرى.
11. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «‹ئەل قانۇن فىت ـ تىب› ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى». 1984 ـ يىل 2 ـ سان.
12. ئابدۇكېرىم رەھمان: «يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى

ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبىن سىنا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1999 - يىل 4 - سان.

13. ئابلىمىت ئۆمەر: «ئىبىن سىنانىڭ روھىيەت پەلسەپىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1999 - يىل 3 - سان.

14. «ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى»، 1981 - يىل 4 - سان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى، پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىچكى ماتېرىيال.

15. سۇن جيەندى: «ئىبىن سىنا قەدىمكى ئەرەب تېۋىپى ئەمەس»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى، 1987 - يىل 1 - سان.

16. مەخپىرەت ئابدۇۋەلى: «بالىياتقۇ راكى ۋە ئۇنى داۋالاش»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 - يىل تۇنجى سان.

17. ئەزىزى: «رىۋايەتنىڭ يىلتىزى بارمۇ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1999 - يىل 4 - سان.

18. ئۇيغۇر تېبابىتى قىسقىچە تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى»(1).

19. ناجۇڭ: «ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى.

20. «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاپ تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئەسەرلىرىدىن ھېكمەتلەر

ئەللامە ئىبن سىنانىڭ تېبابەتتىكى، پەلسەپە ساھەلىرىدىكى ھەر بىر گەپ - سۆزلىرىنى پەند - نەسىھەت، ئۆگۈت دېسە بولىدۇ. ھەقىقەتەن، ئۆگۈت گاھىدا بىر جۈملىدىن ئىبارەت بولسا، گاھىدا ئۇنىڭدىن كۆپ جۈملىدىن ئىبارەت بولىدۇ. دېمەكچى بولغان پىكىرلەرگە قاراپ جۈملىلەر ئۇزۇن - قىسقا بولۇپ تۈزۈلىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا جۈملىلەرنىڭ قانداق مەقسەتكە يېتىشىگە قارىلىدۇ. راستىنلا ھەر بىر جۈملىنىڭمۇ ئۆز ئۇرغۇسى بولىدۇ، شۇنىڭغا بىنائەن پىكىر بايان قىلىنىدۇ، مەقسەت ئايان بولىدۇ، ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن مۇئامىلىدە بولىدۇ.

ئىبن سىنا ھەر دائىم ئادەملەرگە ياخشىلىق ئىزدەپ، ئىزگۈ نىيەتلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ، كۆڭلىدە ئۇلارغا ئاتالغان گەپلىرىنى، ئويلىغان نىيەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئىبن سىنانىڭ بۇ كىتابتا توپلانغان پىكىرلىرى ھەر خىل سەۋەبلەرگە بىنائەن پۈتۈلگەن، ئىپادىلەنگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى چاغلاردا «پىكىر مېغىزى» بۇ يەردە كونتېكستتىن ئۈزۈلگەن ھالدا باشقىچىرەك كەلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى پىكىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۈتكەن مۇلاھىزىسىدىن يانداپ كەتكەن بولۇشىمۇ، بەزى جۈملىلەر كۈتكەندەك بولماسلىقىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

لېكىن ئەڭ مۇھىمى، ئىبن سىنا ئىنسانلارغا مەرىپەت تارقىتىدۇ، ئۇلارغا ساغلاملىق تىلەيدۇ، ئۇ بۇ يولدا قولىدىن كەلگەن خىزمەتلەرنى بايان قىلىدۇ، يولىيورۇق بېرىپ، چارە - ئامالالارنى كۆرسىتىدۇ. سىز بىلەن بىزنىڭ بۇ يولدىكى ئىشىمىزدا قولىمىزدىن كېلىشىچە نەتىجە قازىنالىساق، ئۆزىمىزنى ئەۋلادلىرىمىزغا ساغلام يەتكۈزەلىسەك، ئۆز نۆۋىتىدە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىمۇ «مەنزىل» گە سالامەت يېتىپ

بېرىشلىرىنى ئۇقتۇرالىساق، ئىبن سىنانىڭ نىيەتلىرى ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانىيەت مەۋجۇت بولسا، ئىنسان دائىم ئۆز لايىقىدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقان بولسا، دېمەك ئۇلارمۇ مەڭگۈ ياشايدۇ. ئەللامە ئەبۇ ئەلى ھەر چاغدا، ھەر چامدامدا، ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكەتتە ئەقىل ـ پاراسەت بۇيرۇقى بىلەن مېڭىش زۆرۈرلۈكىنى، دائىم ئۇنىڭغا ھەمراھ، ھەمدەم بولۇشى، ئۆز لايىقىدا ھايات كەچۈرۈپ، ئارتۇقچە يەپ ـ ئىچىشتىن ئۆزلىرىنى تارتىشنى ئۇقتۇرىدۇ.

بۇلار ئەبۇ ئەلىنىڭ بۇيرۇقى ۋە ئۆگۈتىدۇر. شۇنداق قىلساق، ئامان بولىمىز، تولۇق مەنىسى بىلەن كامىل ئىنسان بولۇپ، ھاياتلىق زەنجىرىنى ئۆز ئىگىسىگە تۇتقۇزالايمىز.

قولىڭىزدىكى ئۇشبۇ كىتابچىنى ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئەسەرلىرىدىن تەييارلىدۇق.

ئەللامىنىڭ ساقلىقنى ساقلاشقا دائىر پىكىرلىرىنى توپلاشتا، شۇ كەمگىچە تاشكەنتتە ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «تىب قانۇنلىرى» (1961 ~ 1954)، «يۈرەك دورىلىرى» (1966)، «ئۇرجۇزئە» دەپ ئاتالغان تېببىي داستانى (1972)، «ساقلىقنى ساقلاشقا دائىر رىسالىلەر» (1978) قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن پايدىلاندۇق. شۇنىڭدەك، ئىبن سىنانىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنمىغان «ئەششىفا» كىتاب تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسىرى «كىتاب ئەلھايۋان» — شائىكرام شائىسلاموف تەرجىمىسىدىن، «مۇسىقى بىلىملەر توپلىمى» — ف. ئىناغامجانوۋا تەرجىمىلىرىدىن پايدىلاندۇق. ئورنى كەلگەچكە تىلغا ئېلىپ ئۆتەيكى، بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن تەرجىمىلىرىنى ئايىماي، ئوقۇپ كۆرۈشكە، ھەتتا ئۇلاردىن بۇ يەردە بەزى پارچىلارنى تاللاپ بېرىشكە ئالىيجانابلىق بىلەن تەقدىم قىلغانلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆز مىننەتدارلىقىمىزنى ئىزھار قىلىمىز. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ يەردە ئىبن سىنا ئەسەرلىرىدىن، مەسىلەن: ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ نەسرىي تەرجىمىلىرى، «شېئىر سەنئىتى»، «ئىشق رىسالىسى»، «ئىشارەت»، «ئەخلاق رىسالىسى» قاتارلىق باشقا ئەسەرلەردىن ئېلىنغان بەزى

www.uyghurkitap.com

پارچىلار ئۆزىمىزنىڭ تەرجىمىسى بىلەن بېرىلدى.

ئىبن سىنانىڭ ھايۋانات دۇنياسىدا بىلگەنلىرى ۋە تەجرىبە قىلىپ كۆزەتكەنلىرى، ئاخىرغىچە كۆزىتىپ ئۆلگۈرەلمىگەنلىرى ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار كەلتۈرۈلگەن، لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، بۇ مەلۇماتلار ئەللامىنىڭ كەڭ بىلىم دائىرىسىدىن يارقىن دالالەت بەرمەكتە. ئىبن سىنانىڭ تېبابەت بىلىملىرىگە نەقەدەر چوڭقۇر، نەقەدەر ئىنچىكە قارايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ھايۋانات توغرىسىدا يازغانلىرىدىن بىلىۋېلىش مۇمكىن. ئىبن سىنا كىشىلەرنى مەۋجۇدات دۇنياسىدىكى ياشىغان ھەر بىر نەرسىگە ئاددىي ۋە بىپەرۋا قارىماسلىققا، كەڭ، ئەتراپلىق قاراشقا ئۈگىتىدۇ. ئۇ ھايۋانات دۇنياسىدا ياشايدىغان چۇمۇلىدىن تارتىپ تاكى چوڭ ھېسابلانغان پىلغىچە بولغان بارلىق ھايۋانلار تۈرلىرىنى قەلەمگە ئالغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى توغرىسىدا يېزىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ يەتكەن. ئۇ ھاياتلىقتا تەبىئەت مۇۋازىنىتىنى ساقلاپ قېلىشقا نىسبەتەن ياخشىلىق قىلغۇچى تەبىئەتشۇناس سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. ھايۋانلارنىڭ ھايات تەقلىدى، شارائىتى، بەزىدە بولسا «پسىخولوگىيىسى» نىمۇ بايان قىلغان.

ئىبن سىنا پەلسەپە، تەبىئەت، تېبابەت، ماتېماتىكا دائىرىسىگە كىرىدىغان پەنلەر، ھوقۇق، ئەخلاق، مۇزىكا، تىلشۇناسلىق قاتارلىق يىرىك ساھەلەردىن ھالقىپ، يەنە ھايۋانات دۇنياسىغا شۇ قەدەر دىققەت ـ ئېتىبار قىلىشى ئەلۋەتتە، مەمنۇنىيەت بىلەن ئاپىرىن ئېيتىشقا، تەئەججۇپلىنىشكە تېگىشلىك ئالاھىدە ئەھۋالدۇر. شۇنىڭغا بىنائەن ئىشەنچلىك ئېيتىش كېرەككى، ئەللامە ئىبن سىنا قىزىقمىغان، ماھىيىتىگە يېرىپ يەتمىگەن بىرەر ساھە قالمىغان، ئۇ بىزگە ھاياتلىق جەريانىدا ئۇچرايدىغان ھەربىر نەرسىدىن بىلىم ـ مەرىپەت، ئۆلگە ئېلىشقا، كۆزىتىشكە، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشكە ئۈگىتىدۇ.

ئىبن سىنادىكى بۇ خىل كەڭ بىلىم دائىرىسىگە بولغان قىزىقىش ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۇز ئوقۇرمەنلىرىنى ھەيران قالدۇرۇشى تۇرغان گەپ.

مۇبادا بۇ يولدىكى خىزمىتىمىزنىڭ نەتىجىسى بولمىش

قولىڭىزدىكى كىتابچە ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە ماقۇل كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاز - تولا بەھرىمەن بولالىسا، ئۇ چاغدا شەك - شۈبھىسىز مەقسەت ئەمەلگە ئاشقان، تۇپلىغۇچى ۋە نەشرلەرمۇ ئۆز ئىشىدىن رازى بولۇپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغان بولاتتى. ئەمما شۇنىسىمۇ باركى، ئەللامە ئىجادى بىر دېڭىز بولسا، بۇلار ئۇنىڭ بىر تامچىسى، خالاس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ «تامچىلار» نىمۇ قانچىلىك ئەمەلگە ئاشۇرالىدۇق، بۇ ئۇنىڭ ساھىبى - سەنئەتكارلىرىغا ئايان. بۇ يولدىكى ئەستايىدىللىقىمىزغا بولغان ھۆكۈمنى ئۇلار چىقارسۇن.

## ئەخلاق، تەلىم - تەربىيە توغرىسىدا

ئى ئاغىنەم، سەن ئۇشبۇ دېگەنلىرىمنى بىلىپ قال! مەن بۇ «ئىشارەتلەر» دە «ئىشارەتلەر» [بۇ يەردە ئىبن سىنانىڭ «ئەل ئىشارەت ۋە تىتەنبىھات» («ئىشارەت كۆرسەتمىلىرى ۋە تەنبىھلەر») دېگەن ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ ئەسەرنى ئەبۇ ئەلى يېقىن دوستلىرىغا ئاتاپ يازغان. ئۇنىڭدا ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن. بۇ ئەسەرنى ئەللامىنىڭ يات دەپتىرىدىن يىغىلغان پىكىرلەر «قايمىقى» دېسىمۇ بولىدۇ.] ساڭا ھېكمەت لوقمىلىرىنى تۇزىتىپ، ئېغىزىڭغا ئالغۇدەك قىلدىم. سەن ئەمدى ئۇلارنى ئوقۇپ كۆر، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان، نادان، بىلىم ۋە ئىقتىدارسىز، ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن، بىرىنچى كۆرۈشتىلا سەن بىلەن جانجان دوستىدەك يېقىن بولۇپ كېتىدىغان، ئەسلىدە بولسا ئۆزى مەرىپەتتىن مەھرۇم قالغان، كىمدە كىم بولمىسۇن پەيلاسوپ مەن دېسە، ئۇنى ئاداشقانلار قاتارىغا قويىدىغان ئادەملەردىن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلان.

ياخشى ۋە يامان خۇلقنىڭ ھەممىسى شارائىت، تەربىيە، ئادەتلىنىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ياخشى خۇلقمۇ ئادەت تۈپەيلى ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ھەقىقەت مەنتىق ئىلمىدىن تەلەپ قىلىنىسۇن!

ئىچكى قۇۋۋەتلەرنىڭ تەسىرلىرى ۋە تەسىرلىنىشلىرى تەكرارلىنىۋەرسە، ئۇلار ئۇچۇن كۈچلۈك بىر ماھارەت ھاسىل بولىدۇ. ئەخلاقمۇ شۇنداق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ھېس ـ تۇيغۇ ئىچكى روھقا بەكرەك تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۇنى ھەرىكەتكە سېلىشقا ئەقىلدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

گەرچە دىلىمدا مىڭلاپ قۇياش يالتىرىغان بولسىمۇ، ئاخىر ئۇلار ئۆز كامالىغا ھېچقانچە يول تاپالمىدى.

قارا تۇپراق قەدىمدىن تارتىپ، تا زۇھەل ـ ساتۇرنى چوققىسىغىچە بولغان دۇنيانىڭ ھەممە مۇشكۇل مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدىم. مەن ھەر قانداق ھىيلە ـ مىكىر تۇزاقلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىدىمۇ، لېكىن ئۆلۈم تۈگۈنچىسىنى يېشەلمىدىم.

مەن يۈكسەك مەقسەتلەرنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ، يەنىمۇ يۈكسىلىشنى ئىزدەيمەن. تۆۋەن مەقسەتلەرگە زادىلا رازى بولمايمەن. يا ئىزدىگەن بۇ مەقسەتلىرىمگە ئېرىشىمەن، يا بولمىسا ئۆلۈم مېنى بۇ يولدا ھالاك قىلىدۇ.
قۇياش كورلارغا كۆرۈنمەي ئولتۇرغىنىدەك، جاھىللارغىمۇ دۇنيادا توغرا يول بەلگىلىرى كۆرۈنمەي قالىدۇ.

ئەگەر كېلەچىكىم خەيرلىك بولسا ئىدى، مەيلى، تىنچقىنا، بىمالال تىرىكچىلىكىمنى قىلىۋېرەر ئىدىم، مۇبادا ئۇنداق بولمىسا، مىڭ كۆز بىلەن يىغلار ئىدىم.

مىڭلاپ ـ مىڭلاپ ئۇلۇغ زاتلار بارلىقتىن يوقلۇق ئالىمىگە كەتتى. ئاخىر بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ بىرەرسىمۇ يوقلۇقتىن بارلىق

ئالىمىگە قايتىپ كېلىشمىدىغۇ!

مەن كۆپلىگەن جايلارنى كەزدىم ۋە دۇنيانىڭ ئەھۋالىغا قارىدىم، ئۇنىڭدا ھەيرانلىقتا قولى بىلەن ئىڭىكىنى تىرەپ ئولتۇرغانلاردىن ياكى پۇشايمانلىقتا بارمىقىنى چىشلەپ تۇرغانلاردىن باشقىنى كۆرمىدىم.

ياخشىلىق ھەممىگە نىسبەتەن بىۋاستە سۆيۈملۈك. ئەگەر شۇنداق بولمىغاندا ئىدى، ھەركىم ئۆزى ئىستىگەن ياكى ئارزۇ قىلغان ۋە ياكى ئۆزىچە ياخشىلىق دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بىرەر نەرسىنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويمىغان بولاتتى.

ئادەملەرنىڭ باتۇرى كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن قورقمايدۇ. كامالەت ھاسىل قىلىشتىن يىراقلاشقان كىشى ئادەملەرنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇقىدۇر.

پەرىشتە (پاك، پاكىز، ياخشى ئادەملەرنى دېمەكچى) يامانلىقتىن چەكلەنسە ياكى ھايۋانلار (بۇ يەردە نادان، بىمەنە، ئەخلاقسىز ئادەملەرنى دېمەكچى) خۇنۇك ئىشلارنى قىلسا، ئەجەبلەنمەسلىك كېرەك. ئەكسىچە ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن مۇنەۋۋەرلەشكەن بولۇپ تۇرۇپ، شەھۋانىي ئىستەكلەرگە بېرىلسە، شۇ يولدا ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى يوقاتقان بولسا، بۇنداق ئىنسانغا ئەجەبلەنمىسە بولىدۇ. شەك ـ شۇبھە يوقكى، ئادەم پەرىشتىسى (پاك ۋە پاكىز ئىنسانلارنى دېمەكچى) شەھۋانىي ھېسلارنى يوقىتىشقا مۇستەھكەم قەدەمدۇر. ئۇلارنىڭ ئاياغلىرى يامان تەرەپلەرگە ماڭمايدۇ. ئەگەر ئادەمدىكى ئىنسانلىق قۇۋۋەتلىرى يامانلىققا تارتىدىغان ئىستەكلەرنى قايتۇرۇشقا يەتمىسە، ئۇنداقتا ئۇ ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ.

توغرىلىق، ئەگەر ئۇ توغرىلىقى ئىسپاتلىنىشقا ئىسپاتقان نەرسىنىڭ بىۋاستە ئۆزىدىن تېپىلسا، ئۇ چاغدا ئۇ شۇ نەرسىنى

www.uyghurkitap.com

مۇستەھكەملەيدۇ، ياخشىلايدۇ.

توغرا دەپ ئويلانغان قانچىدىن - قانچە نەرسىلەر بولىدىكى، ئۇلار ئەسلىدە توغرا بولماي، بەلكى پەقەت خاتالاردىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئىنسان خۇلقىنىڭ ئۆز مۇۋازىنىتىدە بولۇشى بەدەن سالامەتلىكىنى ساقلايدۇ.

ئاچچىقىڭ كەلگەن تەقدىردىمۇ بىراۋغا قاتتىق ۋارقىرىما.

ئەڭ ياخشى روھىي ھالەتلەردىن بىرى بىراۋغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گەپ قىلماسلىقتۇر.

ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك تۇيغۇسى ئەسلىدە ئەزىيەت بەرگەن نەرسىنىڭ ئوي - پىكرىدە تەكرارلىنىشى بىلەن ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئارزۇ - خىيالىنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا غەزەپنىڭ بىردەم داۋام قىلىشىمۇ سەۋەب بولىدۇ.

بىلگىنكى، ئەگەر غەزەپ تېز ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭ سۈرىتى خىيالدا تەكرارلانمايدۇ ۋە يوقاپ كېتىدۇ، نەتىجىدە ئاداۋەت ھاسىل بولمايدۇ.

ھەرقانداق كىشى ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئېلىشنى بىلسە، بېشى قاتتىق ئاتقا (ئادەتتە بەزى ئاتلارنىڭ بېشى قاتتىق بولۇپ، ئۇ تىزگىنگە ئانچە بويسۇنمايدۇ. ئىبن سىنا دۇنيا ۋە ھايات يولىنى بېشى قاتتىق ئاتقا ئوخشىتىدۇ. تەجرىبىلىك كىشىلەر ھايات ئېقىمىغا نەزەر سېلىپ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ. ئەقىل - پاراسەت بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدۇ. مۇشۇنداق قىلىشنى بىلگەنلەر ئۇچۇن ھايات بېشى يۇمشاق ئاتقا ئوخشايدۇ، بۇنداق قىلىشنى بىلمىگەنلەر ئۇچۇن بولسا بېشى قاتتىق ئاتقا ئوخشايدۇ، دېمەكچى) ئوخشىغان بۇ پەلەك ئۇنىڭغا

بويسۇنىدۇ.

قىزىق تاشلارنى يۇتىدىغان تۆگىقۇش بولۇڭلار. قاتتىق سۆڭەكنى يۇتىدىغان يىلانىدەك (تۆگىقۇش قۇم يەيدۇ، قىزىق تاشلار ئۇنىڭ قارنىدا سوۋۇپ، ھەزىم بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن نەقىل بار. يىلان بولسا قاتتىق سۆڭەكلەرنى يۇتۇپ ھەزىم قىلىپ كېتەلەيدۇ. بۇ يەردىكى تۆگىقۇش، يىلان ۋە شۇ قاتارلىق جانىۋارلارنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت ئادەملەرگە بېشارەت بولۇپ، قىزىپ كەتكەن تاشنى ئادەملەردە بولىدىغان ئاچچىق غەزەپكە، قاتتىق سۆڭەكنى شەھۋانىي ئىستەككە ئوخشاتماقچى. شەيخ، تۆگىقۇشقا ئوخشاش قىزىغان تاشنى يۇتۇڭ، يەنى ئاچچىقىڭىزنى يۇتۇڭ، غەزىپىڭىزدىن يېنىڭ، ياۋاش، مۇلايىم بولۇڭ، بىمەنە خىياللاردىن قايتىڭ، دېمەكچى) ئوتنىڭ ئىچىدە دادىل يۈرىدىغان سەمەندەردەك[①] بولۇڭ.

ئوت نۇرغا سىمۋول بولۇپ، ئىلىم ـ تەپەككۇر قىلىشنى كۆزدە تۇتقاندۇر. سەن ئىلىم ـ تەپەككۇرنى شۇ دەرىجىدە ئىشلەتكىنكى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئىچىدە يۈرگەن سەمەندەردەك دادىل ۋە بەجانىدىل بول. (بۇنىڭدا ئىبن سىنانىڭ كىشىلەرگە ئىلىمنى ئاخىرغىچە ئىگىلە، نۇقسانسىز، چوڭقۇر بىلىم ئەھلىدىن بول، دېگەن غايىسى كېلىپ چىقىدۇ.) كۈندۈزى يورۇقلۇقتا چىقمايدىغان شەپەرەڭدەك بولۇڭلار، چۈنكى پەرەندىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى شەپەرەڭدۇر (شەپەرەڭنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئالىملار بىلىپ يېتىدۇ. ئىبن سىنا ئالىم بولۇپ، سەرسان ـ سەرگەردان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ كاتتا ئالىملىقى ئۇنى قىيناقلارغا، ئازابلارغا سالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ كىشىلەرگە قارىتا ئەگەر ئالىم بولساڭ، شەپەرەڭگە ئوخشاش ئېھتىياتچان بول، ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن، بولۇپمۇ كۈندۈزى مەخپىي تۇتۇپ يۈرسەڭ، ئامان يۈرسەن دېمەكچى.)

① سەمەندەر ــــ (سەمادىل، سەمەندىل) ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئوتتا كۆيمەيدىغان، پەقەت تۇپراق يەپ، كۆپ ياشايدىغان قۇشتۇر.

كىرپىلەر بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغىنىغا ئوخشاش، سىزمۇ بېشىڭىزنى ئىچىڭىزگە تىقىۋېلىڭ. ئىچىڭىزنى سىرتقا چىقىرىپ، تېشىڭىزنى ئىچىڭىزگە كىرگۈزۈڭ. خۇدا ھەققى، ئىچىڭىز روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ يۇ، سىرتىڭىز يوشۇرۇن. (ئاپتور بۇ يەردە «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» بولماڭلار، دېمەكچى). چۈنكى، كىرپىنىڭ تېشى تىكەن بولسىمۇ، ئىچى سىلىق، يۇمشاق، تازا، ساپ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئەپت - بەشىرىسى دۇرۇس كۆرۈنسىمۇ، ئىچىدە پىتنە - پاسات، تىكەنلەر بىلەن تولغان بولىدۇ. ئۇلار تىكەنگە ئوخشىمىغان تەرەپلىرىنى يوشۇرۇپ، سىلىق كۆرۈنگەن تەرەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. (ئىبن سىنا بۇ يەردە ئۆزىڭىزنىڭ يامانلىقىنى ئۆزىڭىز، يەنى ئۆزىڭىز يامان بولۇپ تۇرۇپ، خوجايىنىغا ئۆزىڭىزنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماڭ، ھەققىي، چىن چىرايىڭىزنى كۆرسىتىپ يۈرۈڭ، دېمەكچى.)

ئەي ھەققىي بۇرادەرلىرىم! يىلانغا ئوخشاش ئۆز پوستۇڭلاردىن چىقىڭلار. كىشىلەر ئۆزلىرىدىكى يامان خۇلق - مىجەزلىرىنى تاشلىسا، يەنى ئۆز پوستىدىن چىقىپ كۆرۈنسە، شۇ چاغدىلا ئۇ ھەققىي ئىنسانغا خاس ئىش قىلغان بولىدۇ (شەيخ مانا شۇ يامان ئىللەتنى يىلاننىڭ ئارتۇقچە، كېرەك بولمىغان پوستىغا ئوخشاتقان) ۋە قۇرتلار ئۆمىلەپ يۈرگىنىدەك ئۆمىلەپ يۈرۈڭلار (شەيخ بۇ يەردە كىشىلەرنى كەمتەرلىككە ئۈندىمەكچى، بەكمۇ غادىيىپ، تەكەببۇرلىشىپ كەتمەڭ، ئەدەپلىك بولۇڭ، دېمەكچى). ھېچبولمىغاندا دۈشمەنگە قارشى قورالى دۈمبىسىدە بولغان چايانىدەك بولۇڭلار. چۈنكى شەيتان ئادەملەرنى ئارقىسىدىن ئالدىمىسا، ئۇ ھېچقاچان ئالدىدىن ئالدىيالمايدۇ.

قۇرۇق گەپنىڭ ئۆزى ھېچقاچان ئېنىق دەلىل بولالمايدۇ.

سۆزنىڭ يامىنى ئەمەل قىلىنماي بىكار كەتكىنىدۇر.

سىرىڭنى ھەممىگە ئېيتىشتىن ئېھتىيات قىل. چۈنكى



www.uyghurkitap.com

مۇلاھىزىكار دېگەن سۆز ئېھتىياتچان بولۇش دېگەندىن باشقا گەپ ئەمەس. ئەگەر سىرىڭنى ساقلىساڭ، ئۇ سېنىڭ ئەسىرىڭدۇر. ئەگەر ئاشكارا قىلساڭ، سەن سىرىڭنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىسەن.

ھەر بىر ئىشتا ئېھتىياتچانلىقنى قولدىن چىقارغان ۋە بىلىپ - بىلمەي پەلىپەتىش ئىش باشلىغان كىشىنىڭ پۇشايمان قىلىشى تۇرغان گەپ.

تارغاق ئەسلىدە چاچنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ چاچلارنىڭ قىسمەنلىرىنى جايىدىن يۇلۇپ چىقىرىدۇ.

بىر كىشى سەن بىلەن بولغان مۇئامىلىدە خاتا قىلغان بولۇپ، سەندىن ئۆزرە سورىسا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشنى كېچىكتۈرمە.

قېرىلارنى ھۆرمەت قىل، ئۇلارنى ئەزىزلىمەكنى ياشلارغا ئۇقتۇرغىن.

كۈندۈزلۈك رىزىق ئۈچۈن كۆپ قايغۇرۇۋەرمە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مال - دۇنيا توپلايمەن دەپ ئۆزۈڭنى ئارتۇقچە قىينىما، چۈنكى ھەر كىم ئۆز نېسىۋىسىدىن ئارتۇق بىر تالمۇ دان يېيەلمەيدۇ.

مال - دۇنيارىڭ سېنى ئالدىمىسۇن. ئاسراپ يىغقان مال - دۇنيارىڭ باشقىلارنىڭ بولۇپ قالىدۇ، ئۇلارنى سەرپ قىلالىساڭ، شۇ سەۋەب قىلغىنىڭ سېنىڭ بولىدۇ.

بايلىقنى تېپىشىپتۇ - يۇ، ئەقىل - ئىدراكنى يوقىتىشىپتۇ. ئەجەبا، تاپقان نەرسىلىرى بىلەن يوقاتقان نەرسىلىرىنىڭ باھاسى

ئوخشاشمىكىن؟

رىند[1] كىشىنىڭ بايلىقى — بار - يوقى بىر يۇتۇم شاراب. ئەمما كەيپ بولغاندا ئۇمۇ قولدىن كېتىدۇ.

ئىچىملىك ئىچكەن كىشىدە شاراب غەلىبە قىلسا، ئۇنىڭدىن ئەقىل كېتىپ قالىدۇ.

ئەي هاۋايى - هەۋەسكە بېرىلگەن نەپس! تېز بول، چۈنكى سەن بىر نەپەسنىڭ هىمايىسىدىسەن.

بىزگە يۈكسەلمەك ۋە كۆكلەم مۇهىتىغا چىقماق يارىشىدۇ.

مەرىپەتلىك (ئارىف) باتۇر ئادەم هېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، شۇنداق هېسابلانمايمۇ بولمايدۇ - دە!

ئۇ ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان ساخاۋەت ئىگىسى بولىدۇ. شۇنداق بولمايمۇ بولماس ئىدى! ئۇ بارلىق بىهۇدە ئىشلارغا نىسبەتەن هېرىسمەنلىكتىن يىراق بولۇپ، بارلىق ئاداشقانلارغا مېهرىباندۇر. شۇنداق بولمايمۇ بولارمىدى! ئۇ ئۆز قەدىر - قىممىتى بىلەن ئۇلۇغۋار ئىدى. شۇنداق بولمايمۇ بولارمىدى!

هەقىقىي ئىلىم ئېنىق مەلۇمكى، هەر بىر نەرسىنى بىلىش، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە شۇ سەۋەبلەرنىڭ تۈپ ئاساسلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق هاسىل بولىدۇ. ئەگەر سەۋەبلىرى بولمىسا، ئۇنىڭ هالىتىگە ۋە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىلىم

[1] رىند — پارىسچە سۆز بولۇپ، شەرىئەت قائىدىلىرىگە بويسۇنمىغان، ئەركىن پىكىر قىلىدىغان، زېرەك، هوشىيار دېگەن مەنىدە بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ناهايىتى ئۇستىلىق، مۇغەمبەرلىك، هىيلىگەر، مەككارلىق، ئالدامچى مەنىسىدە كەلگەن. لېكىن ئەدەبىياتتا بولسا دەرۋىش تەبىئەتلىك، سېخىي، مال - دۇنيانى ئويلىمايدىغان كىشى سۈپىتىدە كېلىدۇ.

ئۆزلەشتۇرۇلىدۇ.

تەبىئەتتە ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان بىھۇدە نەرسىلەر بولۇشنىڭ ئۆزى بولمىغان ئىشتۇر.

ھەر بىر تەبىئىي نەرسە ئۆلچەنگەن بولىدۇ، لېكىن ھەر بىر ئۆلچەنگەن نەرسە تەبىئىي بولۇۋەرمەيدۇ.

مەرۇپ ۋە مەشھۇر بولمىغان نەرسىلەر ئادەتلىنىشكە كۆپرەك ئىنتىلىدۇ. چۈنكى ئادەت بولغان نەرسىلەر كۆپىنچە سېزىلمەيدۇ.

تەلەي دېگەننىڭ نە ئۇچى، نە قۇلىقى، نە يۇمشاق - قاتتىقلىقى ۋە قارارى يوق.

ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان قوشۇنلاردىن قورقۇپ قېچىش، ئىنسانلاردىكى قورقۇنچاقلىقنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن پاش قىلىنىشى، بايلىقنى يەرگە كۆمۈش، ئادالەتسىزلىكنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، ئىپلاسلىقتا ئېتىبارسىزلىق كۆزى بىلەن قاراش، گۇمانلىق جايلاردا يۈرمەك، رەزىللىكنى ئىزدەش، ئەخلاقىي چىرىكلىككە يۈزلىنىش، كەمبەغەلنى تالاش، ئۆلگەنلەرنىڭ كېپەنلىكىنى ئوغرىلاش، تىلەمچىلىك قىلىش، ھەددىدىن تاشقىرى پىخسىقلىق قىلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، كەچۈرۈم سورىغانلارنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىش، سوتلاشقىدەك ئىشلارنى قىلىش، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەرمەندىلىككە كىرىدۇ.

رەقىبلىرىم مېنىڭ پەزىلەت ساھىبى بولۇشتەك بىر ھاكىم بولغانلىقىمنى كۆرەلمەيۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەسەت ۋە جاھىللىقى تۇپەيلى، بۇ پەزىلەتلەرنى كۆرۈش ئۇلارغا ئېغىر كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كالتە پەملىكلىرى بىلەن مېنى چېقىشتۇرمىسىمۇ، نوقۇل غەيۋەت قىلىش، ماڭا يامانلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ بۇ غەيۋەتلىرى خۇددى تاغ تېكىلىرىنىڭ تاغنى ئاغدۇرمەن

دەپ، ئۇنى ئۇسسۇشلىرىگە ئوخشايدۇ.
ئەگەر مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم ئۇلارنىڭ قەلبىدە بۇنچىلىك ھېسسىيات پەيدا قىلمىغاندا ئىدى، ئۇلار مېنى تولىمۇ كەچۈرۈپ ئولتۇرماي، يامانلىغان بولاتتى. مەن شېردەك بەرداشلىق قىلمايمەن. ئادەتتە ئەگەر شېردىن قورقسا، ئۇنىڭغا ھېچكىم يېقىنلىشالمايدۇ، ئۇنىڭغا يىراقتىن ئورا كولاپ تۇتۇشقان بولىدۇ، خالاس. ئىتلار شېرنى كۆرگەندە ئەركىلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇلار ماڭا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھۆرپەيگەن بىلەن، مەن ئۇلۇغلۇق يولىدا ئۇخلىماي تاڭلارنى ئاتتۇرىمەن، ئۇلار بولسا تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىشىدۇ.

ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دوستلۇق نەزىرى بىلەن قارىغاندا ئىدى، يامان دەپ بەرگەن نەرسىلەردىن يامانلىماستىن، ياخشى دەپ ھېسابلىغان بولار ئىدى.

ماڭا ھەسەت قىلغان كىشىلەر بىلەن ئالاقەمنى ئۈزدۈم، ھەتتا ئۇلارنىڭ ناملىرىنىمۇ ئەسلىدىم، ئۇلار بولسا تىرىك ھايات ئىگىسى بولغان ماڭا ھەسەت قىلىپ كۈن ئۆتكۈزمەكتە.

كىشىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى زىيادە بولسا زامانىسىدىكى كەمچىلىك - نۇقساندىن ئۇنىڭغا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ. يېتىشمەسلىكنىڭ بولۇشىغا قارىماي، بۇنداق كىشىلەر ئەقىللىقنىڭ سايىسىدا ياخشى كۈن كۆرەلەيدۇ.

ئۇلۇغلۇق ئىنسانغا ئەڭ يامان ھادىسىلەرنىڭ يېقىنلىشىشىغا يول قويمايدىغان بىر چىدامچانلىقنى جەملىگۈچى كۈچتۇر.

ئەقىل - پاراسەت بولسا سەزگۈدىن كېلىدىغان ئىشارىنىڭ ئېسىل مەنىسىگە تېزدىن يېتىشمەككە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

ئىلىم ـــ نەرسىلەرنىڭ ئىنسان ئەقلىنىڭ ياردىمىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلۈشىدۇر.

بىلىم نەرسىلەرنى ئىدراك قىلىشقا ئېيتىلىدۇ. بۇ شۇنداقكى، ئىنسان ئەقلى ئۇنى خاتا ۋە يولدىن ئازماستىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېرىشىشى كېرەك بولىدىغان ئىشتۇر. مۇبادا بۇ دەلىللەر ئوچۇق ـ يورۇق بولۇپ، ئىسپاتلار ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك بولسا، ئۇ ھالدا بۇنى ھېكمەت ـــ دانىشمەنلىك دېسە بولىدۇ.

بايان ـــ ئىنساننىڭ پىكىر ـ خىيالىدا كەلگەن مەنىنىڭ ياخشى ئىپادىلىنىشىدۇر.

بىۋاقىت سۆزلەپ قويۇپ، ئاشكارىلاش ئارقىلىق زىيان كەلتۈرىدىغان بىرەر ئىشنى سۆزلەشتىن ئۆزىنى تارتىش ئىنسان ۋىجدانىغا نىسبەتەن ھاۋالە قىلىنغان بىر خىل سىر ساقلاش دەپ ئېيتىلىدۇ.

ئىنساندىكى سىر ساقلاشنى بىلىش خىسلىتى، بولۇپمۇ ئاشكارىلىماي تۇتۇپ تۇرغۇچى ۋىجدانىي كۈچتۇر.

باشقىلار كۆرگەننى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدىمەسلىكمۇ قانائەت ھېسابلىنىدۇ.

ئۆز تەسىر كۈچىنى زۆرۈر بولغان بىر ئۆلچەمدە تۇتۇپ تۇرۇشمۇ قانائەت ھېسابلىنىدۇ.

قانائەت دەپ، ئۆزىگە كۇپايە قىلىدىغان نەرسىگە ئېرىشىشكە ئېيتىلىدۇ. بۇنى بوشاشقانلىقمۇ دېيىشىدۇ. قانائەت كەمتەرلىك ۋە ئانچە ـ مۇنچە نەرسىلەرنى نەزەرگە ئىلمايدىغان خىسلەت بىلەن ھېرىس ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان پەرقتۇر.

سەۋر — ئىنساننىڭ بېشىغا چۈشكەن ئەلەم ۋە چىداپ بولمايدىغان ئاغرىقنى تاكى يەڭگەنگە قەدەر بەرداشلىق بېرىشكە ئېيتىلىدۇ.

ئاچ كۆزلۈك، ياخشى تاماق، ئىچىملىك، خوتۇن ـ قىزلارغا بېرىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇش ئىپپەت ۋە پەزىلەت سانىلىدۇ.

ئادەمنى قەبىھ ـ بىمەنە ئىشلارغا قەدەم قويۇشتىن ياندۇرۇپ تۇرىدىغان، ياخشى پەزىلەت ۋە ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان نەرسە ھايا دېيىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنىڭ گۈزەللىكى شۇكى، ئۇ ئادەمنىڭ تەسەللى تېپىشىدا كۆرۈلىدۇ.

خىجالەت ۋە تارتىنچاقلىق — قايغۇ ۋە يامانلىق تۈپەيلى تىنچلىقنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. بۇنىڭدىن ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرقى ھالىتى ۋە كېلەچەكتىكى مەۋقەيىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىگە ئۆزى قايىنايدۇ.

كىشى تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىق پەزىلەتنى كۆپىنچە پەسكەشلىك بىلەن ئالىيجانابلىق ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن، كىشىدىكى ياخشى بىر پەزىلەت ئىككى خىل پەسكەشلىك ئارىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئىسراپچىلىق بىلەن پۇلنى كۆپ خىراجەت قىلىش.

ئىپپەت بولسا يامانلىق بىلەن شەھۋەت ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئەستايىدىللىق بىلەن بىپەرۋالىق ئوتتۇرىسىدىمۇ تۇرىدۇ.

ساخاۋەت بولسا بېخىل ھەمدە پىخسىقلىق بىلەن سەرپ قىلىش ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ.

شىجائەت ـ قورقماس يۈرەكلىك بولسا، قورقۇنچاقلىق بىلەن قوپاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

ئادەملەرنىڭ يىراقلىشىشى لازىم بولغان يامان خۇلق ـ مىجەزلەر تۈرگە يۈقىرىدا ئەسلەپ ئۆتۈلگەن ياخشى پەزىلەتلەرگە قارىمۇقارشى بولغان يەنە مۇنداق يامان خۇلق ـ مىجەزلەر كىرىدۇ: ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، يەنى بىر دۆۋە ياخشى خىسلەت بولۇشىنى ياقتۇرماسلىق، مۇلايىملىققا قارىمۇقارشى بولغان ئۆچ ئېلىش، پىتنە ـ پاسات بىلەن شۇغۇللىنىش، بۇزغۇنچىلىق، ھەسەتخورلۇق، شاللاقلىق، غەيۋەتخورلۇق، ئىغۋاگەرچىلىك، چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق، سەۋر ـ تاقەتكە قايچا بولغان چىدامسىزلىق ـ سەۋرسىزلىك، ئىچى تارلىق، ئېغىزى بوشلۇق، سىرنى ئاشكارىلاشتەك يامان خۇلق ۋە يىرگىنچلىك ئىللەتلەرنىڭ ئادەملەردە بولۇشى بەكمۇ يامان ئادەت سانىلىدۇ. بۇلارغا يەنە ئىنسانىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىدىن ئەڭ ئۇلۇغى بولمىش بىلىمدانلىققا قارىمۇقارشى بولغان ئەڭ يامان يىرگىنچلىك نۇقسان بولغان نادانلىق كىرىدۇ.

بوشاڭلىق ـــ كەسكىنلىككە قارىمۇقارشى قويۇلغان؛ ساتقىنلىق، خىيانەت بولسا، رەھىمدىللىككە قارىمۇقارشى قويۇلغان.

باشقىلارنى ئالداش، ساخاۋەتسىزلىك، گېپىدە تۇرماسلىق، گەپ ـ سۆز تەسىر قىلماسلىق، ھۆرمەتسىزلىك، ماختانچاق، مەنمەنلىك، زالىملىق قاتارلىق ئىللەتلەر ئادالەتكە قارىمۇقارشى قويۇلغان.

خۇلقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز تەبىئىتى بىلەن گۈزەل بولىدۇ، يامان خاراكتېرلەرگە بولسا كېيىنرەك ئېرىشكەن بولىدۇ.

شۇنداقمۇ بولىدۇكى، ئەگەر ئىنسان بىرەر خاراكتېرگە ئىگە بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇنداق كىشىلەر ئۆزگە كىيرەك بولغىنىغا ئېرىشىۋېلىشى ھەم مۇمكىن. مۇبادا كىشى ئاشۇ يول بىلەن ئۆزى

ئۇچۇن پەيدا قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىېرىشكەن خۇلق بولمىسا، مەسىلەن: ئۆزى ئاشۇ ئېرىشكەننىڭ قارشىسىغا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇ ھالدا كىشىدە بۇ بىر ئادەتلىنىش (خاراكتېر) بولۇپ قالىدۇ. مەن ئادەتلىنىش دېيىش بىلەن بىرەر خاراكتېرنى ئازغىنا مۇددەت ئىچىدە كۆپ قېتىم ۋە ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىشنى دېمەكچىمەن. ھەقىقەتەن گۈزەل خاراكتېر ئاشۇنداق ئادەتلىنىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇنۇك خاراكتېرلەرمۇ ئاشۇنداق ئادەتلىنىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، مۇبادا بىز گۈزەل بىر نەرسىگە ئادەتلىنىدىغان بولساق، بۇ ئادەتلىنىشىمىزدىن گۈزەل بىر خاراكتېر بارلىققا كېلىدۇ.

يەنە ئېيتىمىزكى، ئۆزىمىز ئادەتلىنىپ كۆنۈپ قالغان نەرسىلەردىن گۈزەل خاراكتېر بارلىققا كەلگەن بولسا، بىلىش كېرەككى، بۇ خىل ئادەتلىرىمىز ئاشۇنداق گۈزەل خۇلق ئىگىلىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئەگەر بىز ئىلگىرى بېشىمىزدىن خۇنۇك، بىمەنە ئىش ـ ھەرىكەت ئىگىلىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن يامان ئادەتلەرگە كۆنۈكۈپ، ئۇنىڭغا ئادەتلەنگەن بولۇپ قالساق، ئۇ ھالدا، ئۇنداق ئادەتلەرمۇ بىمەنە خاراكتېر ئىگىلىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، ئۇلاردىن يۇققان بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئەھۋال خۇددى سەنئەتتە يۈز بېرىدىغان ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

كەمتەرلىك ئىنساندىكى شۇنداق بىر خىسلەتكى، بۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ بىلىم ـ مەرىپىتى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى تەبىئىتى ئاجىز، ئېزىلگەن ۋە ئۆز تەبىقىسىگە نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشكە بىرەر كەمچىلىكى باردەك ھېس قىلىدىغان بولىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر باشقىلاردىن نەپسانىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بولغان ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقىنى يوشۇرۇن تۇتىدىغان

بولىدۇ.

ئالىيجانابلىق ئادەمدە شۇنداق بىر ئاجايىپ پەزىلەت، شان ـ شەرەپنى ئاشۇرىدىغان خىسلەتكى، ھەتتا بۇنىڭغا ئېرىشكەن ئادەم ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى شان ـ شۆھرەت ئۆلچىمىگە ئېرىشىشكە ئىنتىلىدۇ، بۇنداق ئىنتىلىش ئۇنداقلارغا چەكلەنمىگەن بولىدۇ.

كىشى بىرەر يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا ياكى بولمىسا، بىرەر قايغۇ ـ ئەلەمگە دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭغا مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىش رەھىمدىللىك دېيىلىدۇ.

ئېھتىياتكار دەپ، كېلەچەكتە بولۇشى مۇمكىن بولىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشى ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىن ۋە زىياندىن ساقلىنىدۇ.

زېرەكلىك ۋە ھوشيارلىق — سەزگۈ ئورگانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىپ يېتىشكە ئېيتىلىدۇ.

شەيخنىڭ ياخشى ـ يامان دېگەندەك يۈزلىك ئىشى بولىدۇ. شەيخ بولسا دائىم بۇ ياخشى، ئۇ يامان، دەپ كوتۇلداۋېرىدۇ. بۇنىڭ قىزىقى شۇكى، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ئادەملەر زېرەك كىشىلەرنى ئاۋام جۈملىسىدىن سانايدۇ. شەيخنى بولسا خۇداپەرەس دەپ ئويلىشىدۇ.

تاڭ سەھەر تۈن ئاقىرىشقا باشلىغاندەك قېرىلىقتىن چاچ ـ ساقاللىرىم ئاقىرىشقا باشلىدى. دېمەك، سەھەر ئالدىدىن كېچە قاراڭغۇسى كەتكىنىدەك ئۆلارنىڭمۇ قارىلىرى كەتتى.

بىر كۈنى تېبابەتتىن خەۋەردار بىر كىشىدىن سوراپ قالدىم:
— چاچ ـ ساقالنىڭ ئاقىرىشى نېمىدىن؟ — دېسەم، ئۇ كىشى:

— بەلغەمدىن، — دېدى.
مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:
— سۆزۈڭدىمۇ خاتالىق بار، چاچ ـ ساقالنىڭ ئاقىرىشى بەلغەمدىن ئەمەس، بەلكى غەمدىندۇر، — دېدىم.

قېرىلىقنىڭ رەڭگى مېنىڭ ساقاللىرىم يانلىرىدا پەيدا بولغان بىر ئاققىنە ئالامەت بولۇپ، ئەمدى ئۇ ماڭا بىھۇدە ھەرىكەتلەر، يامان ئىشلارنى قىلىشقا مەيدان قالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ماڭا بۇ ئاق (ساقال) لارنى بوياپ، دېگەنلەرمۇ بولدى. شۇندا مەن ئۇلارغا دېدىم: «مەن بۇ قارىلىقنى — بۇ ئاق چاچ ۋە ساقالنى تىرىك ھالەتتە ئۆزۈم بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى خالىمىسامىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئۇستىگە ئۇستەك بېرىپ، ئۇلارنى قارا بوياقلارغا كۆمۈپ، ئۆلۈك ھالدا قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەي؟» (بۇ يەردە ئىبن سىنا چاچ ـ ساقالنىڭ ئاقلىقىنى تىرىكلىككە، ئۇنى بوياشنى بولسا ئۆلۈككە نىسبەتلەشتۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ تىرىكى يەنى ئېقىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش مالال كېلىدىكەنۇ، ئۇنى بوياپ، يەنى كۆمۈپ، ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ يۈرمەنمۇ ئەمدى، دېمەكچى.)

ھەر كىمكى، ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شۇنداقلىقىنى بىلمىگەنلەر ئۇ ھەقتە نىمە دېسىمۇ، ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئەھمىيەتسىز ۋە ئېتىبارسىز بىر نەرسە بولمىقى كېرەك.

ياخشىلىقنىڭ ئەڭ پايدىلىقى سەدىقىدۇر.

كىشىلەردىكى ئەڭ ياخشى پەزىلەت ئادەملەرنىڭ مۇسىبەت (قايغۇ) ۋە ھەسرەتكە شېرىك بولۇشىدۇر.

ئىنسان بالىسى قىلماسلىقى لازىم بولغان ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى رىياكارلىق، يەنى ئىككى يۈزلىمىلىكتۇر.

ئىنسان ئۆزىنى تاكى ئۇششاق گەپ ـ سۆز، ئۆچەكىشىش، جېدەل، شىكايەت، نارازىلىق ۋە ئاھ ـ ۋاھلاردىن ئازاد قىلمىغۇچە، ئۇ ئىپلاس

ۋە پەسلىك ئازاد بولمايدۇ.

ھەر بىر ئىنسان خۇشاللىنىشنى، قايغۇرۇشنىمۇ قادىر. لېكىن شۇنىسىمۇ باركى، بەزىلەرنىڭ كەيپىياتى پەقەت شادلىنىشقا، بەزىلەرنىڭ كەيپىياتى بولسا پەقەت غەمكىنلىككە مايىل بولىدۇ.

خۇشاللىقنىڭ ئۈزلۈكسىز بولۇشى روھنى شۇ خۇشاللىق ئۈچۈن ھازىرلايدۇ، غەمنىڭ ئۈزلۈكسىز بولۇشى بولسا، غەمكىنلىك تەبىئىتىنى ھازىرلايدۇ. خۇرسەن بولغان كىشىگە غەم كەلتۈرگۈچى سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ ئېغىرى تەسىر قىلغان بولسا، شادلىق كەلتۈرگۈچى سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ كىچىكىمۇ غەمكىن كىشىگە شۇ زامان تەسىر قىلغان بولىدۇ.

ھەر بىر يۈركى چوڭ كەلگەن كىشى شاد - خۇرام ياشىغىنىغا ئوخشاش، ھەر بىر شادلىنىشقا سازاۋەر بولغان زاتنىڭ يۈرىكىمۇ چوڭ بولۇۋەرمەيدۇ.

غەزەپ ئىرادىسى كۈچلۈك ئادەمگە قارىمۇقارشى كېلەلمىگەندەك، ئىرادىسى ئاجىز ئادەمگىمۇ قارشى كېلەلمەيدۇ. ئىرادىسى كۈچلۈك ئادەم غەزەپ ئاقىۋىتىنى بىلگەچكە، غەزەپلىنىشنى ئۆزىگە لايىق كۆرمەيدۇ. (شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىرادىسى ئاجىز ئادەممۇ غەزەپلىنىشنىڭ ئاقىۋىتىدە ئۆزىگە كېلىدىغان بالا - قازادىن قورقۇپ غەزەپلەنمەيدۇ، ئىبن سىنا شۇنى دېمەكچى بولسا كېرەك.) بالىنىڭ ھەممە ۋاقىت خالىغان نەرسىسىنى تەييار قىلىشقا، خالىمىغىنىنى يىراقلاشتۇرۇشقا تەييار تۇرۇش كېرەك.

ياش بالىلار سەزگۈرلۈك جەھەتتە چوڭ ئادەمگە تەڭ كېلىدۇ.

## دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ھەققىدە

ئەي بۇرادەرلەر! ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچىلەر، بىر جان، بىر تەن بولۇش ئۈچۈن ئىناق - ئىتتىپاق بولۇڭلار. بەزىلىرىڭىزنىڭ بەزى نەرسىلەرنى

ئۆگىنىش ئۈچۈن ۋە بەزىلىرىڭىزنىڭ بەزى نەرسىلەر بىلەن كامال تېپىشى ئۈچۈن ئېچىڭىزدىكى ھەر بىر كىشى ئۆز بۇرادەرلىرىگە خالىس دىلىدىن پەردىسىنى ئېچىپ تاشلىسۇن.

پاك دىل كىشى ھەقىقىي دوست سانىلىدۇ.

شادلىق ۋە قايغۇلۇق پەيتلەردە دىلنى خاپىلىقتىن تازىلاپ، ساپ دوستلۇقنى ساقلاپ قالغان كىشى ھەقىقىي دوست ھېسابلىنىدۇ.

قايغۇ - ئازابلىرىمدىن بىر قىسمىنى ئاڭلاشنى خالايدىغان بۇرادەرلىرىمدىن بارمىكىن؟! شۇنداق دوست تېپىلسايۇ، ماڭا ئورتاقلىشىپ، كۆڭلۈمدىكى دەردلىرىمنى ئاڭلىسا، مېنىڭ بەزى ئېغىرلىقلىرىمنى كۆتۈرۈشكە ياردەملەشكەن ۋە ماڭا ھەمدەرد بولغان بولاتتى.

ئەگەر دوستلۇق سودا - سېتىق مۇناسىۋىتىدە بولغاندەك، ئېھتىياج تەلىپىگە قاراپ ئىزدەلسە، ئەگەر ئۇنىڭغا زۆرۈرىيەت تۇغۇلمىغان چاغلاردا ئېتىبارغا ئېلىنماي تەرك قىلىنسا، ئۇ چاغدا ئۇ قانداقمۇ دوستلۇق بولسۇن؟!

دوست دېگەن ئۆز دوستىنى يامان ھادىسە يۈز بەرگەندىن باشقا ۋاقىتلاردا يوقلاپ تۇرمىسا، زۆرۈر بولۇپ قالغاندا ئەسلەشتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئەسلەشمىسە، شۇمۇ دوستلۇق بولدىمۇ ئەمدى؟!

دوستلار ھەقىقەتكە نىسبەتەن ئوچۇق كۆز بىلەن قارايدىغان بولۇشلىرى كېرەك. كۆڭۈلدە ئىپلاسلىق ۋە شەك - شۈبھىسىز ۋە غۇبار بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنى خالىسەن لىللا دوستلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە بىرلەشتۈرمىگەن.
دوستلۇق ئىنساننىڭ بىر ھالەت جەريانىكى، بۇنىڭدا باشقا

بىرىگە ياخشىلىق ئىزدىلىدۇ، ياخشىلىقنى ئۆزى ئۇچۇن ئىزدىمەيدۇ. بەلكى ئۇنى باشقا بىرى ئۇچۇنلا ئىزدەيدۇ، خالاس. شۇ ھالەتتە كىشىدە باشقىلارغا نىسبەتەن ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرىشتەك خۇسۇسىيەت پەيدا بولىدۇ. دوستلۇق، بۇ ياخشى كۆرۈش ۋە بىرىگە سەممىي بولۇشتۇر. دوست ئۆز دوستىنىڭ خۇشاللىقىدىمۇ، بەختسىزلىك كۈنلىرىدىمۇ، قايغۇ ۋە شادلىق كۈنلىرىگە شېرىك بولۇشتۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە سېنى ياخشى كۆرگۈچىلەر بولسا، بۇ ساڭا ۋە سېنىڭ يېقىنلىرىڭغا نىسبەتەنمۇ ياخشىلىق ئىزدىگۈچىلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇبادا شۇنداقلار تېپىلىپ قالسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىلتىپات مۇنتىزىم رەۋىشتە چىن كۆڭۈلدىن بولۇشى كېرەك، ھەقىقىي دوست دېگەن سېنىڭ دوستۇڭغىمۇ دوست، دۈشمىنىڭگىمۇ دۈشمەن بولىدۇ. دوستىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن يىراقلىشىدۇ، دوستىنىڭ دوستلىرىغا يېقىنلىشىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا دۈشمەنلىك سانىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، مېنىڭ دوستۇم دۈشمىنىم بىلەن كۆپ بىللە بولغانىكەن، ئەمدى مەن ئۇنى زادىلا دوست دەپ بىلمەيمەن. ھەقىقەتەن زەھەر ئارىلاشقان شېكەردىن پەرھىز قىلىش كېرەك. يىلانغا قويۇلغان توردىن قېچىش كېرەك بولىدۇ.

## سۆيگۈ، ساداقەت توغرىسىدا

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت باشقا بىر تۇن پەيدا قىلماق ئۇچۇن تۇننى قوغلاپ، قارا چاچلىرىنى يېيىپ تاشلىدى. ئەمما بۇ قارا چاچلار ئارىسىدا پارلىغان ئايدەك مەڭز ـ يۈزلىرى سۆيگەن يارىمنى تۇن ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز قالدۇردى.

ئاشىقنىڭ مەشۇقىنى ئىنتىلىشى ئۇنى داۋالاش يوللىرىدىن بىرىدۇر. (ئىبن سىنا بۇ يەردە ئاشىقلىقنى بىرخىل كېسەللىك

سوپىتىدە تىلغا ئالماقتا. تارىخچىلارنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، ئۇ بۇ ساھەدە قالتىس پسىخولوگ بولۇپ، دەردىنى ھېچكىمگە ئېيتمىغان ئاشىقلارنىڭ كۆز رەڭگىگە قاراپ، تومۇرىنى تۇتۇپ، دەردىنى ئېنىقلاپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر «تىب قانۇنلىرى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ساھەدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتكەن.)

ئىشقىنىڭ ئالامەتلىرى: كۆزنىڭ ئولتۇرۇپ كېتىشى ۋە قۇرۇقلىشىپ كېتىشى بىلەن، يىغلاشتىن باشقا ۋاقىتتا كۆز ياشلانمايدۇ، كۆز قاپاقلىرى ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئادەم يېقىملىق بىر نەرسىگە قارىغان ياكى خۇشال قىلىدىغان بىر خەۋەرنى ئاڭلىغان ياكى بولمىسا چاقچاق قىلىۋاتقاندەك كۈلىدۇ، ئۇنىڭ نەپىسى پات - پات ئۈزۈلۈپ يەنە داۋاملىشىدۇ، ھەمىشە ئاھ - ئۇھ تارتىدۇ.

مېنىڭ كۆڭلۈم تەبىئىتى سەۋرلىك بولسا، سېنىڭ يۈرىكىڭنىڭ تەبىئىتى قەھرلىك ئىكەن، مېنىڭچە، ئىككىمىزمۇ ئىشقتا (مۇھەببەتتە) قاتتىق بىر تاش ئىكەنمىز، خالاس.

ئەي مېنى خەستە قىلغان گۈزەل! مېنىڭ خەستىلىكىم سېنىڭ كۆز - قاپاقلىرىڭدۇر. شۇنداق، ئۇلار ئەسلىدە ساق ئىدى. لېكىن ئادىتى بويىچە ئادەملەرنى كېسەل قىلىدۇ. مېنى بەختلىك قىلىدىغان ۋەسلىڭ بىلەن ماڭا شەپقەت قىل. ساڭا يېتىشەلمىسەممۇ، ۋەسلىڭگە يېتىشىپ، قانائەت قىلىپ تۇرىمەن. ئاخىرى جەۋھەر (قەلبىم ماھىيىتى) ئورنىنى ئازار ئىگىلەمدۇ - يا؟!

چىرايىڭ ھۆسنىنى ساقلىماق ئۈچۈن جامالىڭنى پەردە بىلەن ئوراپ كۆزلەردىن ئاسرىماقچى. مەن بولسام يۈزۈڭ پەردىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئوچۇق قويۇشنىڭ يولى بىلەن چىرايىڭ ئوبدانراق ساقلىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن. سەۋەب شۇكى، قۇياش يۈزىنى بۇلۇت توسقاندا ئۇنى تولۇق كۆرۈش مۇمكىن بولمىغاندەك، سېنىڭ

چىرايىڭىزنى يۈزۈڭ پەردىسى بىلەن توسۇپ قويۇلغان.

شاد ـ خۇراملىق ئېسىل ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلىغاندەك بەزى كىشىلەرگە تەسەللى بەرسە، بەزىلەرنىڭ ئىشتىياقىنى ئاشۇرىدۇ.

خۇرسەنلىك ــــ بىر تۇرلۇك لەززەتتۇر.

**« ئىشق رىسالىسى » دىن**

مەۋجۇد سۇبستانسىيىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆز تەبىئىتى بىلەن خاسلىققا ئىنتىلىدۇ. بۇ خاسلىق سۇبستانسىيىسى ئۈچۈن ياخشىلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا خالىس بىر ياخشىلىق ئارقىلىق ئېرىشىلىدۇ. شۇ ھەر بىر سۇبستانسىيىگە خاس كەمچىلىكلەردىن ئۇ نەپرەتلىنىدۇ. چۈنكى بۇ كەمچىلىك دەسلەپكى ماددا بولمىش ھەيۇلاغا[1] ۋە يوقلۇققا مەنسۇپ يامانلىقتۇر. نېمىشقا دېسىڭىز، ھەر بىر يامان نەرسە دەسلەپكى ماددا ــــ ھەيۇلا ۋە يوقلۇققا بارلىق بولغان نەرسىلەردىندۇر.

تەدبىركار مەۋجۇداتنىڭ ھەر بىرىدە تەبىئىي تۇغما ئىشق بارلىقى روشەندۇر.

پۈتۈن مەۋجۇدات بىرەر خاسلىققا ياندىشىشتىن خالىي بولمايدۇ. مەۋجۇداتنىڭ خاسلىققا ياندىشىشىغا ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئىشق ۋە رىغبەت سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇچرىتىلىدىغان خاسلىققا بىرلىشىش ۋە خاسلىققا ئىنتىلىشكىمۇ ئىشق ۋە رىغبەت سەۋەب بولغۇسىدۇر.

تەدبىركار ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى تۇغما ئىشق بىلەن بولىدۇ.

---

[1] ھەيۇلا ــــ شەرق پەلسەپىسىدە دەسلەپكى ماددا، دەسلەپكى سەۋەب، بارلىق باشلانما ماددىلارنىڭ ئانىسى دېمەكتۇر.

ئېيتىشىمىز كېرەككى، ياخشىلىق دېمەك ياخشىلىقتۇر، ئۇ سۆيۈملۈكتۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى، ھەركىم ئۆزى ئىزدىگەن ياكى ئارزۇ قىلغان ۋە ياكى ئۆزىچە ياخشىلىق دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بىرەر نەرسىسىنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويمىغان بولاتتى. ئەگەر ياخشىلىق بىۋاستە ياخشىلىق سۈپىتىدە سۆيۈملۈك بولمىغاندا ئىدى، ئۇ ھالدا بۇ ياخشىلىق ئۈچۈن بولغان بارلىق ئىنتىلىشلەر بىكار بولمىغان بولار ئىدى. شۇنىڭدەك، ياخشىلىقمۇ ياخشىلىققا ئاشىقتۇر. چۈنكى، ئىشق ئۆز ھەقىقىتىدە ياخشى ۋە مۇلايىم نەرسىنى سۆيۈشتىن باشقىچە نەرسە ئەمەس.

مانا شۇ ئىشق ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسىلەردىن ئايرىلىپ تۇرغان بىر پەيتتە ئۇنىڭغا قاراپ ئىنتىلىشنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. بۇ ھالدا ئاشۇ ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسىلەردىن بولۇشى كېرەك. بۇ نەرسە مەۋجۇت بولغان پەيتتە بولسا بىرلىشىشنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.

ياخشى ياخشى نەرسىگە ئاشىق بولىدۇ، ئۇ مەيلى ئۆزىگە خاس بولسۇن ياكى ئورتاق بولسۇن، ھەربىر ئۇنىڭدا بار بولغان ياخشىلىق جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئاشىق بولىۋېرىدۇ.

ئىشقنىڭ بولۇش سەۋەبىمۇ مەشۇقىدىن ئېرىشىلگەن ياكى ئېرىشىلمەكچى بولغان نەرسىدۇر. ياخشىلىق ئاشقانسېرى مەشۇقلۇققا بولغان سازاۋەرلىكمۇ ئاشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياخشىلىققا نىسبەتەن ئاشىقلىقمۇ ئاشىدۇ.

مەۋجۇدات يا ئىشقى سەۋەبلىك بار بولىدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ بارلىقى ۋە ئىشقى بولۇپ، ئىككىسى بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھەر بىر سۇبستانسىيە ئىشقتىن خالىي بولمايدۇ.

ئېشەكنى ئالايلۇق، ئەگەر ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان

بىرەر بۆرىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالدىمۇ، بولدى، ئۇ يەۋاتقان يېمىنى تاشلاپ جان قايغۇسىدا قېچىشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە كېلىدىغان يۇزمۇ يۇز زىياندىن ساقلىنىدۇ. يۇز ئۆرۈگەن نەرسىنىڭ پايدىسى تۆلەيدىغان بەدەلدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئىنساننىڭ گۈزەل سۈرەتكە بولغان ئىشقىغا ئۈچ نەرسە ئەگەشكەن بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، قۇچاقلىشىشنى ياخشى كۆرۈش، ئىككىنچىسى، سۆيۈشنى ياخشى كۆرۈش، ئۈچىنچىسى، ئالاقە ــ بىرلىشىشنى ياخشى كۆرۈشتۇر.

ئەگەر ھەقىقىي مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرى بىرەر ياخشىلىقنى سېزەلىسە ياكى ئۇنىڭغا ئېرىشسە، بۇ ھايۋانىي لاتاپەتنىڭ گۈزەل سۈرەتلەرگە ئاشىق بولغىنىغا ئوخشاش، ئۆز تەبىئىتى بىلەن ياخشىلىققا ئاشىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەر بىر ھەقىقىي مەۋجۇت نەرسە يا سەزگۈسى بىلەن، يا ئەقلىي يول بىلەن ئىدراك قىلسا، ياكى ئۆز ۋۇجۇدىغا پايدىلىق مەنپەئەت بولىدىغان نەرسىلەرگە تەبىئىي يول تاپسا، ئۇ نەرسىدىن ئۇنىڭغا پايدا بولسا ۋە ئۇنىڭدا ھايۋاننىڭ غىزا ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا ئامراق بولغىنىغا ئوخشاش بولسا، خۇسۇسەن ئۇ نەرسە مەخسۇس ۋۇجۇدىنى ئۆزىدە نامايان قىلسا، ئۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەبىئىتى بىلەن ئاشىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەر بىر نەرسە مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ بىرەرسىگە ئوخشىشى ياكى يېقىن بولۇشى ۋە شۇنىڭغا تېخنىكا پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقچىلىق ۋە ئەۋزەللىكنى ئىپادە قىلىشنى بىلسە، ئەلۋەتتە قول ئۆز خوجايىنىنى ياخشى كۆرگىنىگە ئوخشاش، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

ۋۇجۇدى بار ھەر بىر نەرسە ھەقىقەتەن ياخشىلىقتىن خالىي بولمايدۇ.

كىمدە كىم ياخشىلىققا ئېرىشسە، ئۇ ئۆز تەبىئىتى بىلەن ياخشىلىققا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

## ساقلىق ۋە سالامەتلىك توغرىسىدا

ساقلىقنى ساقلاش سەنئىتى ئۆلۈمدىن ئامان قالدۇرۇشقا ۋە بەدەننى سىرتقى ئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ.

ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكى تاشقى شارائىت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

ئەگەردە ھاۋادا چاڭ ـ توزان ۋە تۈتۈن بولمىسا ئىدى، ئادەم مىڭ يىل ياشىغان بولار ئىدى.

ساقلىقنى ساقلاشنىڭ ئاساسىي تەدبىرى بەدەن تەربىيىسى بولۇپ، ئاندىن قالسا تاماقلىنىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇخلاش تەدبىرىدۇر.

جىسمانىي مەشىقلەر بىلەن ھەمىشە نورمال شۇغۇللىنىپ تۇرغان كىشى ھېچقانداق داۋاغا موھتاج بولمايدۇ.

بەدەن تەربىيىسى ساقلىقنى ساقلاشتا ئۇلۇغۋار ئۇسۇلدۇر.

بەدەن تەربىيىسى بىلەن مەشغۇل بولمىغان كىشى پات ـ پات كېسەلگە ئىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ھەرىكەتسىزلىك نەتىجىسىدە ئادەمنىڭ ئورگانلىرى زەئىپلىشىدۇ.

بەدەن تەربىيىسىگە ئادەم ئىش جەريانىدا قىلىدىغان ھەرىكەتلىرى بىلەن مەخسۇس بەدەن تەربىيە ھەرىكەتلىرى كىرىدۇ.

بەدەن تەربىيىسىنىڭ تۈرلىرىگە كەلسەك، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردۇر: تارتىشماق، مۇشت ئاتماق، ئوقيا ئاتماق، تېز مېڭىش، نەيزە ئېتىش،

يۇقىرىغا سەكرەپ ئېسىلىش، بىر پۇتى بىلەن سەكرەش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئات بىلەن يۈرۈش، مەلۇم ۋاقىت پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ، قوللارنى ئالدى ـ كەينىگە قارىتىپ سوزۇش ئارقىلىق تېز ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇلار تېز ھەرىكەت جۈملىسىدىندۇر.

نازۇك ۋە يەڭگىل بەدەن تەربىيە تۈرلىرىگە ئىلەڭگۈچتە ئۇچۇش، تۇز تاختا ئۈستىدە تىك ئولتۇرۇش، ياتقان ھالەتتە تەۋرىنىش، ئۇچۇش، قېيىق ۋە كېمىلەردە سەيلە قىلىش قاتارلىقلار كىرىدۇ.

بەدەن تەربىيىسىدىن كېيىن بىردىنلا سوغۇق سۇغا تاكى بەدەن چىلاشقۇدەك شۇڭغۇش كېرەك. سۇ خۇشياقاندەك بولۇپ، ئانچە يامان تەسىر قىلمىغان بولسا، تىترەك پەيدا بولغۇچە سۇدا تۇرۇشى كېرەك.

قۇياشنىڭ ئىسسىق نۇرىدا بەدەننى قىزدۇرۇش، بولۇپمۇ تېز ـ تېز مېڭىش ۋە يۈگۈرۈش قاتارلىق كۈچلۈك ھەرىكەتلەر بەدەندىكى قالدۇق نەرسىلەرنى كۈچلۈك تارقىتىدۇ، ئاشقازان كۆپۈشنى يوقىتىدۇ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئۇۋۇلاش تۆت خىل بولىدۇ: بەدىنىنى كۈچلۈك قىلىش ئۈچۈن قاتتىق، يۇمشىتىش ئۈچۈن بوشراق، بەدەننى ئورۇقلىتىش ئۈچۈن داۋاملىق، بەدىنىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىچە ئۇۋۇلاش زۆرۈر بولىدۇ.

بەدەننىڭ تاشقى كۆرۈنۈش ئاپەتلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ئورۇقلۇق ۋە ئادەتتىن تاشقىرى سېمىزلىكتۇر.

بىلگىنكى، پاراۋانلىق يىللىرىدا كۆپ يەپ، قەھەتچىلىك يىللىرىدا ئاچ قېلىشتىن يامانراق ھالەت يوقتۇر.

يېيىلگەن تاماق ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىقدارى بىلەن يۈرەك قان تومۇرلىرىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. تاماقنىڭ كەيپىياتى

www.uyghurkitap.com

بەدەننىڭ قىزىش ۋە سوۋۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. يۈرەك قان تومۇرلىرىمۇ شۇنىڭغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

ئەگەر تاماقلىنىش مىقدارى بەكمۇ كۆپ بولسا، يۈرەك قان تومۇرلىرىنىڭ ھەرىكىتى تەرتىپسىز بولۇپ، تەكشى بولماي قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھايۋانىي (شەھۋانىي) كۈچنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. ھەرقانداق ئېغىرلىق يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ تەكشى بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قاچانكى تاماق ئۇيقۇدىن ئىلگىرى ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولسا، يۈرەكنىڭ سوقۇشى باشقىدىن كۈچلىنىدۇ. چۈنكى ھايۋانىي كۈچ تاماقتىن كۈچىيىدۇ ۋە تاماقنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن چوڭقۇرلۇقتا چۆككەن ئىسسىقلىق تاشقىرىغا، ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ مەنبەسىگە قايتىدۇ.

كىمكى ئىسسىق شامال ۋاقتىدا ئۇسسۇزلۇقتا تەشنا بولغان بولسا، ئاغزىغا سۇ ئېلىپ چايقاش كۇپايە قىلىدۇ. سۇنى قانغۇدەك ئىچسە، ياتقان جايىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ھاۋا سوغۇق چاغلاردا سەپەر قىلغۇچى كىشى يولدا ئاچ قالماسلىقى كېرەك. ئۇ تويغۇدەك تاماق يەپ، سۇ ئورنىغا شاراب ئىچسۇن. يېيىلگەن نەرسىلەر سىڭىپ بەدەننى قىزىتقۇچە سەۋر قىلىپ، ئاندىن يولغا چىقمىقى كېرەك.

بىلگىنكى، تەشنالىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش كېرەك بولغان ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتتۇر.

ئۆسمۈرلەردە تاماق تەلەپ قىلىش ۋە ھەزىم قىلىش تېزرەكتۇر. بۇمۇ ئىسسىقلىق بىلەن بولىدۇ، بىراق ئىشتىھا ئىسسىقلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى سوغۇقلۇق بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قاتتىق

ئۇسساش» كۆپىنچە سوغۇقلۇقتىن پەيدا بولىدۇ.

ئەلۋەتتە ياشانغان كىشىلەرنىڭ قۇۋۋەتلىرىدە چېكىنىش بولىدۇ. ھەركۈنى ئەھۋاللىرىدا نۇقسان كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

تاماقلىنىشتا ئادەتكە رىئايە قىلماق كېرەك.

خام سېمىز كەلگەن بەدەن پىششىق بەدەنگە قارىغاندا ئېغىر تاماقنى كۆتۈرەلەيدىغان كېلىدۇ.

ساقلىقنى ساقلىغۇچى كىشى ئۆز تامىقىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئوتياشلار، مېۋىلەر ۋە بۇلاردىن باشقا داۋا بولىدىغان تاماقلاردىن بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئەگەر تائام ئۇستىگە تائام يېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ كۆپىنچە ئېغىرلىشىدۇ، تۆۋەنگە چۈشىدۇ ـ دە، ھەزىم بولماي چىقىپ كېتىدۇ.

ئارتۇق دەرىجىدە تويۇنۇپ كېتىش تەبىئىي ھارارەتنى كېمەيتىپ، بەدەننىڭ سوۋۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇزاق داۋام قىلغان قىيىن ھەرىكەتلەرمۇ روھنى بوشاشتۇرىدۇ، نەتىجىدە بەدەن سوۋۇيدۇ.

بىلگىنكى، نان ھەزىم بولمىسا، زىيىنى كۆپتۇر. ھەزىم بولمىغان گۆشنىڭ زىيىنى ئۇنىڭدىن ئازراقتۇر.

ئىسسىق سۇ ھەزىمنى بۇزىدۇ، تاماققا بولغان ئىشتىھانى كېمەيتىپ يوقىتىدۇ، ئىچكەن زامان تەشنالىقنى باسمايدۇ.

بەزەن ئىستىسقا (يۈرەك ـ بۆرەك كېسەللىكى تۇپەيلى ئۇنىڭ توقۇلمىلىرىدا سۇ يىغىلىش) ئورۇقلۇق ۋە بەدەننىڭ ئاجىزلىششىغىمۇ ئېلىپ بارىدۇ.

ئەگەر ئىلمان سۇ ئىچىلسە، كۆڭۈلنى ئىلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىسسىقراق بولسا ۋە ئاچ قورساققا ئىچىلسە، مەيدىنى تازىلاپ ئىچىنى بوشىتىدۇ، بىراق ئۇنى كۆپ ئىچىش يامان. چۈنكى، مەيدىنىڭ قۇۋۋىتىنى بوشاشتۇرىدۇ.

ئەزالارغا يامان خىلىت (سۇ، زەرداب، شىرنە) يىغىلىپ قېلىشىدىن قورققىنىڭدا، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن رىيازەت چەكتۈر.

تاماق ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىقدارى بىلەن بەدەن ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ.

دورىلىق تاماقلارنىڭ بەزىلىرى دورىلىققا يېقىن بولسا، بەزىلىرى تاماقلىنىشقا يېقىن بولىدۇ.

يامغۇر سۈيىمۇ ياخشى سۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ، خۇسۇسەن يازدا چاقماق چېقىلغان چاغدىكى گۈلدۈرلىگەن بۇلۇتلاردىن ياغقان يامغۇر بولسا.

يامغۇر سۈيى ئەڭ ياخشى سۇ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇ تېز سېسىيدۇ. چۈنكى، ئۇ بەكمۇ سۈيۇق بولۇپ، يەر بىلەن ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشى تېز تەسىر قىلىدۇ.

گۆش بەدەننى مۇستەھكەملەيدىغان مەھسۇلات بولۇپ، ئۇ باشقا تائاملارغا نىسبەتەن قاننى تېزرەك كۆپەيتىدۇ.

ئالىملارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشلىرىگە قارىغاندا، قاينىغان سۇ قورساقنى ئانچە كۆپتۈرمەيدۇ.
بېلىق گۆشى ئۆز تەبىئىتى جەھەتتىن سوغۇق بولسىمۇ، ئەگەر

تۆزلانسا قاتتىق قىزىتىدىغان بولىدۇ.

تائام ئۈستىگە يەنە تائام يېيىش ئۈچ جەھەتتىن زىيان قىلىدۇ: ئۇنىڭ دەسلەپكىسى شۇكى،بىرىنچى قېتىملىق تائام ھەزىم بولماي تۇرۇپ، ئىككىنچى قېتىم يېيىلگەن تاماق ھەزىم ئەزالىرىنى داۋاملىق ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ، نەتىجىدە كېيىنكى تاماقنىمۇ ھەزىم قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ زەئىپلىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەزىم بولغان تاماق ھەزىم بولمىغان تاماق بىلەن ئارىلىشىپ، قان تومۇرلىرىغا ئۆتىدۇ - دە، نەتىجىدە تىقىلمىلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۈچىنچىسىگە كەلسەك، ھەزىم بولغان تاماق ھەزىم بولمىغان تاماق بىلەن ئارىلىشىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە تومۇرلارغا ئۆتۈپ كېتەلمەي توختاپ قالىدۇ، نەتىجىدە تۇرۇپ قېلىشنىڭ تەبىئىي زۆرۈر بولغان ۋاقتىتىن ئۇزىراپ كېتىشى تۈپەيلى تاماق سېسىيدۇ.

تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېمەك ۋە ئىشتىھانى قايتۇرماسلىق لازىم.

لەززەتلىك تاماقنىڭ زىينى ئۇنى كۆپ يەپ قويۇشتا.

ئىشتىھا بولۇپ تۇرۇپ ئاچ يۈرۈش مەيدىنى زەردابسىمان يامان خىلىت (سۇ، زەرداب، شىرنە) بىلەن تولدۇرۇشتۇر.

كۆپ تاماق يېيىش جەۋھەر (كىسلاتا) دە ئارتۇقچە بولغان تاماقتىن پايدىلىنىشنى كېمەيتىدۇ. مەيدە تۆشۈكچىلىرىدە تىقىلمىلارنى پەيدا قىلىدۇ، تەبىئىي قۇۋۋەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. قىزىتما، تۇرلۇك سېسىشلار، نىقرەس ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
بۇخارادا سادىر بولغان ئېغىر قەھەتچىلىكتىن چىققاچ، ئۇ يەردە

نان ۋە گۆش تېپىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، تاماق ئورنىغا ئوتلارنى ئىستېمال قىلىشقانىدى. ئەرزان نان بىلەن گۆش تاپقانلىرىدا بىردىنلا كۆپ يەۋېلىپ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. كۆپچىلىككە ئاستا ـ ئاستا، ئاز ـ ئازدىن تاماقلىنىشنى مەسلىھەت قىلغانىدىم، قالغانلار ئامان قالغان بولدى.

ئەگەر كىمدە يۇقىرىدىكى شۇ ھال يۈز بەرسە، ئالدى بىلەن تاماقنى قۇش گۆشى ۋە ئارپا سۇيىگە ئوخشاش يۇمشاق، سىڭىشلىك، يەڭگىل تائاملاردىن باشلاش كېرەك. ئاندىن ئاز ـ ئازدىن ئادەتتىكى تاماقلارنى يېيىشكە باشلىسۇن. شۇ ئارىدا كۇندۇر سېغىزى چايناپ تۇرسۇن.

تاماق ھەزىم بولماسلىق نەتىجىسىدە بولىدىغان، شۇنىڭدەك ياندۇرۇش بىلەن بىرگە داۋام قىلىدىغان ئىچ سۈرۈشتىن بىھوشلۇققا ئۇچرىغان كىشىگە مۇنچا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

قۇۋۋەتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى گاھىدا ھوشىدىن كېتىشكە ئېلىپ كېلىدۇ.

كېسەللىكلەر گاھى (بىر ئورۇنغا) خاس بولىدۇ ۋە گاھىدا باشقا ئورگاننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بولىدۇ. بىر ئورگاننىڭ باشقا ئورگاننىڭ ئاغرىقىغا قوشۇلۇپ ئاغرىشى ئۇلارنىڭ تەبىئەتلىرى بىلەن تۇتاشقانلىرى جەھەتتىن بولىدۇ، (يەنى) ئۇلار ئارىسىنى قورال ئورگانلىرى تۇتاشتۇرىدۇ، مەسىلەن، مېڭە بىلەن مەيدىنى نېرۋا تۇتاشتۇرىدۇ.

ئىششىقلارنىڭ تۈرى قانچە بولسا، بەدەنگە تېشىپ چىقىدىغان يارىلارمۇ (تۈرى) شۇنچىدۇر. تاشمىلارنىڭ بەزىلىرى چېچەك كېسەللىكىگە ئوخشاش قانلىق بولىدۇ، بەزىلىرى سەپرالىق قىزىلغا ۋە تېرىققا ئوخشاش، تاشمىلارغا ئوخشاش سەپرادىن بولىدۇ. بەزىلىرى

قاپارتچۇققا ئوخشاش سۇلۇق بولىدۇ ۋە بەزىلىرى پۇۋەكچىگە ئوخشاش ھاۋادىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاش — ئۇخلاشنىڭ يامان شەكلى بولۇپ، ئادەمنى سەكتە، پالەچ، قارا بېسىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيقۇ نەپسانىي ۋە قۇۋۋەتلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئارام ئېلىشتۇر.

ئۇيقۇ كۈچنى ئۇرغۇتىدۇ، بەدەننى قالدۇقلاردىن تازىلايدۇ.

ئويغاقلىق ئۇزىراپ كەتسە ئۇيقۇسىزلىقنى پەيدا قىلىپ، ئادەم نەپسىدە غەم ۋە بىئاراملىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇيقۇسىزلىق ئادەمنىڭ روھى ۋە بەدىنىنى ئورۇقلىتىپ، كۆركى ۋە رەڭگىرويىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

ئۇيقۇسىزلىق ئادەمنىڭ كۆزىنى ئولتۇرغۇزۇۋېتىدۇ، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنى بۇزىدۇ. تەپەككۇر قىلىشنى يوققا چىقىرىدۇ ۋە جىسمىنى ئورۇقلىتىدۇ.

ئۇيقۇ ھەمىشە ئۆز قەرەلىدە بولسۇن.

ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئۇخلاش شۇبھىسىزكى، سېمىز ۋە تولغان بەدەن ئۈچۈن زىيانلىقتۇر.

ئاچلىق چاغلىرىڭدا ئۇزۇن ئۇخلىما، بولمىسا خىلىتنىڭ بۇسى باشقا چىقىدۇ.
ھۆللۈكنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇ كەلتۈرۈۋەرمەيدۇ، چۈنكى، قىرىلارنىڭ

مىجەزلىرى ھۆل بولۇپ تۇرۇپمۇ، ئۇلاردا ئۇزاق ئۇيقۇسىزلىق پەيدا بولىدۇ.

چۈشىدە سېرىق ۋە ئىسسىق نەرسىلەرنى كۆرۈش سەپرانىڭ كۆپەيگەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ.

قورقۇنچلۇق چۈشلەر بىلەن ئەستە قالمايدىغان چۈشلەر كۆپىنچە سوغۇقچىلىققا ۋە ھۆللۈككە دالالەت بولىدۇ.

چىشلار ئوتتۇز ئىككىدۇر. بەزى كىشىلەردە ئەقىل چىشى، يەنى چەتتىكى تۆت چىش بولمايدۇ، شۇنىڭدا چىشلار يىگىرمە سەككىز بولىدۇ.

چىشلارنىڭ ساغلام بولۇشىنى ئويلىغان كىشى سەككىز نەرسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى كېرەك، ئۇلاردىن بىرى، تائام ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ مەيدىدە بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىشتۇر؛ ئىككىنچى، ياندۇرۇش، خۇسۇسەن ئاچچىق قۇسۇش ئادەتكە ئايلانغان بولسا، ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشتۇرماسلىق كېرەك؛ ئۈچىنچى، ھەرقانداق يېپىشقاق نەرسىنى، بولۇپمۇ، لەتىف دەپ ئاتىلىدىغان ھاۋا بىلەن يېپىشقان ئەنجۈر قاتارلىق شېرىن نەرسىلەرنى يېيىشتىن ساقلىنىش؛ تۆتىنچى، قاتتىق نەرسىلەرنى چىش بىلەن چېقىش ۋە سۇندۇرۇشتىن ساقلىنىش؛ بەشىنچى، چىشنى قاماتقۇچى نەرسىلەرنى يېيىشتىن ساقلىنىش؛ ئالتىنچى، ناھايىتى سوغۇق نەرسىلەردىن، بولۇپمۇ ئۇنى ئىسسىق نەرسىدىن كېيىن چىشقا تەگكۈزۈشتىن، شۇنداقلا ناھايىتى ئىسسىق نەرسىنى، بولۇپمۇ ئۇنى سوغۇق نەرسىدىن كېيىن چىشقا تەگكۈزۈشتىن ساقلىنىش؛ يەتتىنچى چىشلارنىڭ ئارىسىدىكى قالدۇق نەرسىلەرنى دائىم تازىلاپ تۇرۇش، لېكىن چىشنى بەكمۇ چوڭقۇر كولىماسلىق ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە چىش يىلتىزلىرىغا ۋە چىش ئارىلىرىدىكى ئەتلەرگە زەرەر يەتكۈزمەسلىك كېرەك. ئۇنداق كولاش



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارىلىقتىكى ئەتنى سىرتقا چىقىرىپ، چىشلارنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ؛ سەككىزىنچى، كۆدە قاتارلىق ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن چىشلارغا زەرەر قىلىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشتۇر. چۈنكى، كۆدە چىشلارغا، چىش مىلىكىگە قاتتىق زىيان قىلىدۇ.

بارماقلار ئاساسەن كەڭ، ئۇچلىرى بولسا تارراق كەلگەن سۆڭەكلەردىن تۈزۈلگەندۇر، ئاستىنقى قىسمىدىكى سۆڭەكلەر ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ بارىدۇ.

تىرناقلار تۆت خىل پايدا ئۈچۈن تۈزۈلگەن. بىرىنچىدىن، قولنىڭ بارماقلىرى بىرەر نەرسىنى قاتتىق سىقىپ تۇرغاندا كۈچسىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن؛ ئىككىنچىدىن، بارماقلار بىلەن يەردىن ئۇششاق نەرسىلەرنى تېرىش ئۈچۈن؛ ئۈچىنچىدىن، تىرناقلار ئارقىلىق تازىلاش ۋە تاتىلاش مۇمكىن بولسۇن ئۈچۈن. تۆتىنچىدىن، تىرناقلار ئايرىم ھاللاردا قورال بولۇپ خىزمەت قىلسۇن ئۈچۈن. دەسلەپكى ئۈچ پايدا ئىنسان تۈرىگە مۇۋاپىق بولۇپ، تۆتىنچىسى باشقا ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلارغا مۇناسىپتۇر.

تىرناقلار مەلۇم سەۋەبلەرگە بىنائەن يۇملاق قىرغاقلىق قىلىپ تۈزۈلگەن يۇمشاق سۆڭەكتىن ئىبارەت. بۇنداق بولۇشى تىرناقنى بىرەر نەرسە باسقاندا سۇنۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

بالىنى بىئارام قىلىدىغان نەرسە بىلەن ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىنمىسۇن. چۈنكى، ئۇنداق مۇئامىلە بالىنى ئۇخلاتمايدۇ ياكى ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ قويىدۇ.

سەن بالىنىڭ ئۇخلىشىنى ئىزدىسەڭ، ئۇنى يۇمشاق بۆشۈك (ياكى ئاسما بۆشۈك) تىن ئايرىما، ئۇ ياتقان ئۆي قاراڭغۇ بولۇپ تۇرسۇن.

مۇبادا بالا ئەمگەندىن كېيىن ئۇخلىماقچى بولسا، مەيدىسىدىكى سۈتنىڭ داۋالغۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قوپاللىق بىلەن قاتتىق تەۋرەتمەسلىك، بەلكى ئاستا، سىلىق تەۋرىتىش كېرەك.

بالىنى تاماقلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى بالىنىڭ بەدەنلىرىنى مايلاپ، ئىسسىق سۇغا چۆمۈلدۈرۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ.

تاماق ھەزىم بولماستىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئوبدان سىڭىشى ئۈچۈن مۇمكىنقەدەر تاماقتىن كېيىن بالىغا سۇ بەرمەسلىك كېرەك.

بالىنى بەكمۇ توق ھالەتتە ئۇخلاتماسلىق كېرەك.

بالىنىڭ ئورگانىزمىنى ئاۋايلاپ، بوش ھالەتتە سىلاپ بېرىش كېرەك.

گۆدەكلەرنى ئىلمان سۇغا ئېلىپ تۇرۇش بىلەن بەدەن ئەزالىرىغا ماي سۈركەپ تۇرۇش كېرەك.

گۆدەكلەرگە قاتتىق جىسمانىي ھەرىكەت قىلدۇرماڭلار، چۈنكى، بۇ ئىش بالىدا قىزىتمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۈزلۈكسىز (كەينى ـ كەينىدىن) مەست بولۇۋېرىش ناھايىتى يامان، ئۇ جىگەر بىلەن مېڭە تەبىئىتىنى بۇزۇپ، نېرۋىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

مەستلىك ئايدا بىر قېتىم بولسا، ئادەمنىڭ نەپسانىيىتى يېنىكلىشىپ قالىدۇ، بولۇپمۇ ئارتۇقچە خىلتلارنى مەيدىدىن تارقىتىشقا پايدىسى بولىدۇ.

ياشانغان كىشىگە شاراب بېرىلىدىغان بولسا، كۆتۈرەلىگۇدەك مىقداردا بېرىش كېرەك.

هاۋاسى سوغۇقراق كەلگەن ئۆلكىلەردە ئادەم شاراب ئىچىشنى كۆتۈرەلەيدۇ، لېكىن ئىسسىق جايلاردا كۆتۈرەلمەيدۇ.

سەپەرگە چىققانلار هەر بىر مەنزىلنىڭ سۈيىدىن قالغان قىسمىنى ئېلىپ، ئۇنى كەلگەن مەنزىلنىڭ سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشى كېرەك، مۆلچەرلىگەن جايغا يەتكۈچە شۇنداق قىلىش ئەڭ ياخشى تەدبىردۇر.

بوز ياكى سوغۇق سۇ قاتارلىق ئىچىملىكلەر مۇنچىدا يۇيۇنۇۋاتقان ۋاقىتتا ئىچىلسە، بەدەن تۆشۈكلىرى ئېچىلىپ تۇرغان ۋە ئومۇرتقىلار بوشىشىپ كاۋاكلاشقانلىقتىن، ئىچىلگەن سوغۇق نەرسە بىردىنلا جىگەر بىلەن يۈرەككە هۇجۇم قىلىدۇ ـ دە، ئىككى مۇهىم ئەزانى قاتتىق سوۋۇتۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئەزالارنىڭ هەممىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئىستىسقا كېسەللىكىگە زېمىن تەييارلايدۇ.

شارابنىڭ ئىجابىي خىسلىتى روهنىڭ خىسلىتىگە قارىمۇقارشى. ئومۇمەن، ئۇ هەرىكەتچان، ئىسسىق، يۇمشاق، سۈيۈق، ئېغىر، بوشاشتۇرغۇچى، قۇرۇق، يېپىشقاق ئەمەس. بەدەن ۋە روهنىڭ راهىتى ئازغىنە شاراب بىلەن بولىدۇ.

مەست ئادەمدىن ئەقىل، هايا ۋە سەۋر ـ تاقەت كېتىدۇ. ئەگەر، ئىنسان ئۇلاردىن ئايرىلىدىكەن، ئۇ چاغدا ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.
شارابمۇ زەهەرلەرنىڭ بىرى. ئەگەر ئۇزاق ئاچ يۈرگەن كىشى تاماق ۋە ئىچىملىكلەرنى هەددىدىن تاشقىرى ئىستېمال قىلسا، ئۇلارنىڭ

ھەممىسى زەھەر بولىدۇ.

ئەگەر ئىنسان كۆپ ئىستېمال قىلىپ تويغان بولسا، زەھەرمۇ تاماق ئورنىنى ئۆتەيدۇ. (ئىبن سىنا بۇ يەردە ئىچىملىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلىۋەرسە، ئورگانىزم ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قېلىپ، ئىچىلگەن شارابنىڭ بىر قىسمى كۆپ ئىستېمال قىلىنغانلىقتىن، تاماق خىزمىتىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان.) ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ئىچىشنى ئادەت قىلغان ئادەملەر ئادەتتە ئاز تاماق يەيدۇ، چۈنكى كۆپ ئىچىلگەنلىكتىن ۋە تاماق كەم يېيىلگەنلىكتىن «بىچارە» ئورگانىزم ئۆز غىزاسىنى ئىچىگە كىرگەن شارابتىن ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. (ئىبن سىنا بۇ يەردە شۇنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەگەر ئىستېمال قىلىنىۋەرسە، زەھەرمۇ تاماق بولىدۇ، دېمەكچى. بۇ يەردە ئىچىملىكنى بىر زەھەرگە ئوخشاتقان.)

ئەگەر شارابتىن كۆتۈرەلىگۈدەك مىقداردا ئىچىلسە تاماق يېدۈرىدۇ. يۈرەكنى راھەتلەندۈرىدۇ، چىراي رەڭگىنى تازا قىلىدۇ، قۇۋۋەت، شىجائەت ۋە جۈرئەتنى ئاشۇرىدۇ، نۇتۇقنى راۋان قىلىدۇ، ئەقىلنى مۇستەھكەملەيدۇ. خاپىلىق ۋە بېخىللىقنى يوقىتىپ، خۇشخۇي نەرسىلەرگە بولغان سېزىمچانلىقنى ۋە ياخشى ئاھاڭلارنى ئاڭلاشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان قىلىدۇ، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، دوستلارنى ئەسلىتىدۇ.

شارابنىڭ ئۆلچىمى ئىچكۈچىنىڭ ئۆز ھەركىتىنى باشقۇرالايدىغان دەرىجىدە بولۇشى كېرەك.

ئەقىللىق كىشى ئەتىگەندە شاراب ئىچىشتىن ساقلىنىدۇ.

مېڭىسى ئاجىز كىشى ئاسان مەست بولىدۇ.

بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ شاراب ئىچىشلىرى يېنىۋاتقان تۇتۇرۇق ئوتۇننىڭ يالقۇنىغا ئوخشايدۇ.

شارابنىڭ زىيىنى كۆپرەك مېڭىگە بولىدۇ.

مېڭىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ شارابنىڭ كەيپىدىن ۋە بىز ئۇنىڭغا قوشۇپ بايان قىلىدىغان باشقا نەرسىلەردىن تەسىرلەنمەيدۇ، شارابنىڭ مۇلايىم ۋە خۇش كەيپىلىكىدىن تەسىرلىنىپ، زېھنى ئاشىدۇ.

تەبىئەت جەھەتتىن ئۆزى مايىل بولغان ھەر بىر نەرسىگە ئەڭ ئاددىي، ئاجىز سەۋەبمۇ يېتەرلىك باھانە بولىدۇ. مەسىلەن: گۆگۈت يېنىشقا مايىل بولغىنى ئۈچۈن ئۇ تولىمۇ ئاز يالقۇن بىلەنمۇ يانىدۇ، ھالبۇكى، ئوتۇن ئۆزىگە ئىككى باراۋەر كۆپ يالقۇن بىلەنمۇ ئالدىراپ يانمايدۇ.

ئىچكەن كىشى سەۋەبسىز خۇشاللىنىدۇ دەپ ئويلاش بىھۇدە پىكىردۇر.

ئەگەر بارلىق نېرۋىلار باش ـ مېڭىدىن ئۆسۈپ چىققاندا، باش ھازىرقىدىن كۆرە نەچچە ھەسسە چوڭ بولغان بولار، شۈبھىسىز بەدەنگە نىسبەتەن ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئېغىر كەلگەن بولار ئىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، نېرۋىغا بەدەننىڭ ئەڭ ئۇزاق مەركىزىگە يەتمەك ئۈچۈن ئۇزاق مۇساپە يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى ۋە ئۇ زەرەرلىنىش بىلەن ئۈزۈلۈش خەۋپىگىمۇ دۇچ كېلەتتى. نېرۋا ئۇزۇن بولغاندا، ئۇنىڭ ئېغىر ئورگانلىرى ئۆز باشلىنىش جايلىرىغا نىسبەتەن تارتىش قابىلىيىتى بوشاشمىغان بولار ئىدى.

چاچ مېڭىنىڭ كىرەكلىك قىسمى ئىشلىتىلگەندىن كېيىنكى نەرسىلەردىن ئۆسۈپ چىقىدۇ.

تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، سەزگۈلەرنىڭ[1] باشلىنىش ئورنى مېڭىدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ ھەرىكىتى يەڭگىل، چاققان بولسا، مېڭىسىنىڭ مىجەزى ئەسلىدە ئىسسىق ياكى قۇرۇقتۇر. ئەگەر ئۇ بىرئاز ھۆرۈن ياكى بوشاڭ كەلگەن بولسا، مېڭىسىنىڭ مىجەزى سوغۇق ياكى ھۆلدۇر. ئەگەر كىشىدە بىرەر كېسەللىك بولۇپ، ھەرىكەتلىرىدە سىقىلىش، بىتاقەت، روھىي ئېزىلىش ۋە بىقارارلىق بولسا، مېڭىسىنىڭ مىجەزى ئىسسىق؛ ھەرىكىتى ئاستا بولۇپ، كۆچى ئانچە بولمىسا، مېڭە مىجەزى بىرئاز سوغۇقتۇر.

ھەممە دورىلار بىر - بىرىگە زىت قۇۋۋەتلەردىن تۈزۈلگەندۇر.

بۇقرات ھەكىم ئېيتقاندەك، دورىمۇ تازىلايدۇ ھەم زەرەر يەتكۈزىدۇ.

بەدەنگە دورا بىلەن ھۇجۇم قىلىشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا.

مۇشاك (ئىپار) دورىسى يۈرەكنى خۇرسەن ۋە قۇۋۋەتلىك قىلىشتا ئەپيۈندىن كۆپ كېيىن ئەمەس، پۈتۈن ئەزانى قۇۋۋەتلىك قىلىشتا بېتەرسىزلىكى بار. چۈنكى، ئۇ يۈرەككە كۆپرەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆپرەك رولى يۈرەككە شادلىق بېرىش بىلەن روھنى قوزغىتىشتىن ئىبارەت.

دورا بولۇپمۇ شېرىنراق، ياخشى پۇراقلىق بولسا، ئۇ پايدىلىقراق بولىدۇ. چۈنكى، جىگەر ۋە باشقا ئورگانلىرى تارتىش قۇۋۋىتى ئۇلارنى كۆپرەك قوبۇل قىلىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار تاماق خىلىدىن بولسا، روھ ئۇلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار دورا خىلىدىن بولسا، روھ ئۇلاردىن

[1] بۇ يەردە ئىنسانلىدىكى بەش سەزگۈ ــــ كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش ۋە تۇتۇپ بىلىش قاتارلىق سەزگۈلەر كۆزدە تۇتۇلماقتا.

تېزرەك تەسىرلىنىدۇ.

يۇرەك دورىلىرى شېرىنلىككە نىسبەتەن ياخشى پۇراقلىق دورىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، جىگەر دورىلىرىدىمۇ ياخشى پۇراقلىققا كۆپرەك رىئايە قىلىنىدۇ. چۈنكى، يۈرەك روھ ئوزۇقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن، جىگەر بولسا بەدەن ئوزۇقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن مەنبەدۇر. بىراق جىگەر دورىلىرىدا، بولۇپمۇ پۇراققا بېرىلىدىغان ئېتىبار كۆپرەك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تەبىئىي روھنىڭ مەنبەسىدۇر.

كۆپىنچە، ئەگەر كۆز قۇرۇق كەلسە، كېسەللىك كۆپىيىدۇ. بولۇپمۇ كۆزنىڭ ئالدىدا ئىسسىق ياز كەلگەن بولسا، چېچەك كۆپىيىدۇ.

يېنىكرەك سۇ كۆپىنچە شۇ سۇنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆپ ھاللاردا چىرايىنىڭ رەڭگى جىگەر تۈپەيلى سېرىق ۋە ئاقلىققا، قارا جىگەر (تۈپەيلى) سېرىق ۋە قارىلىققا ئايلىنىدۇ، ئەمما بۇ دائىملىق بولماي، بەزىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بەدەندە تۇرۇپ تۇرغان ۋە تىنچ تۇرغان تومۇرلارنىڭ مىجەزىنى بىلىش ئۈچۈن تىلنىڭ رەڭگى ئېنىق دەلىلدۇر، مېڭىنىڭ مىجەزىنى بىلىش ئۈچۈن كۆزنىڭ رەڭگى روشەن دەلىلدۇر.

قول يانتۇ بولۇپ يېتىپ قالغان ھالەتتە تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈش كېرەك. چۈنكى، ئالىقان پەسكە قاراپ ياتقان قول تومۇرىنىڭ ئۇرۇشى خېلىلا كەڭ، كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى كەم بولىدۇ. بولۇپمۇ ئورۇق كىشىلەردە ئالىقىنى يۇقىرىغا قاراپ ياتقان قول تومۇرىنىڭ سوقۇشى خېلىلا كۆتۈرەڭگۈ ۋە ئۇزۇن بولۇپ، كەڭلىكى كەمرەك بولىدۇ. تومۇرى تۇتۇلۇۋاتقان ئادەم خۇشاللىق ۋە غەزەپ ھېسلىرىدىن، جىسمانىي ھەرىكەتلەردىن، شۇنىڭدەك ئېغىرلاشتۇرىدىغان توقلۇق ھەم ئاچلىقنىڭ تەسىرىدىن ۋە كونا ئادەتنى تاشلاپ، يېڭى ئادەت

چىقىرىۋاتقان ھاللاردىن تامامەن خالىي بولۇشى لازىم.

يۇرەك تومۇرلىرىدا قانداقتۇر بىر مۇزىكا تەبىئىتى مەۋجۇتتۇر.

بىز ئېيتىمىزكى، تومۇرلار ياكى ياخشى، سالماقلىق ۋەزىندە ياكى يامان ۋەزىندە بولىدۇ.

يۈرىكى سىقىلىدىغان كىشىلەر بەزىدە ئېلىشىش ۋە بىراۋنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرۇشنى خالاپ قالىدۇ.

غەم — لايقا ۋە خىرە روھتىن، غەزەپ بولسا روھنىڭ ھارارىتى بىلەن تېز ئۇچقۇنلىنىشتىن پەيدا بولىدۇ. غەزەپنىڭ تارقالماي تۇرۇشى قاننىڭ قويۇق بولۇشىدىندۇر. ئەگەر قويۇق نەرسە قىزسا ئاسان سوۋۇمايدۇ.

قان لايقا بولماستىن قويۇق، ھارارىتى يۇقىرى بولسا (بۇنداق قان ئاز ئۇچرايدۇ)، ئۇنىڭ ئىگىسى خاپا بولمايدىغان بولىدۇ. يەنى ئۇنداق كىشى شىجائەتلىك، جىگەرلىك كېلىدۇ، غەزىپى ئاز بولىدۇ. چۈنكى، خۇشخۇيلۇق غەزەپنى سۇندۇرىدۇ، خاپىلىق بولسا ئۇنى تەييارلايدۇ. دېمەك، غەزەپ ھەيدەش ۋە قايغۇرۇشقا قارىتىلغان ھەرىكەت بولۇپ، ئۆتە شادلىنىش لەززەتكە مۇناسىپتۇر.

ئەگەر ئوت نادىر بىر نەرسە بولۇپ، يىراق مەملىكەتلەردىن كەلتۈرىدىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ خاسىيىتى باشقا نەرسىلەرنىڭ خاسىيەتلىرىدىن يۇقىرى قويۇلغان، ئۇنىڭ خاسىيەت سەۋەبلىرى باشقا نەرسىلەرنىڭ خاسىيەت سەۋەبلىرىدىن كۆرە كۆپرەك ۋە كۈچلۈكرەك مۇنازىرە قىلىنار ئىدى.

خۇشال - خۇراملىقنىڭ كۆپ بولۇشى بەدەننىڭ ئازادىلىقى دېمەكتۇر. لېكىن، بەزى ئارتۇقچە سەمىرىش ئۇنىڭغا ئازار كەلتۈرىدۇ.

خاپىلىق، غەم ـ قايغۇ بەزى ئورۇق ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا موھتاج بولغان كىشىگە پايدا قىلىدۇ.

قورقۇشقا كەلسەك، تۇيۇقسىز قورقۇش يۈرەكنىڭ تېز، قالايمىقان، ئېگىز ـ پەس ۋە تەرتىپسىز سوقۇشىغا ئېلىپ كېلىدۇ، ئەمما داۋاملىق ۋە ئاستا بولىدىغان قورقۇش يۈرەكنى خۇددى غەزەپكە ئوخشاش ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

غەزەپ بەدەن كۈچىنى قوزغىتىدۇ ۋە روھنى توساتتىن تارقىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تومۇرنىڭ سوقۇشىنى چوڭ، ناھايىتى يۇقىرى، تېز ۋە ئۇزلۇكسىز ئاشۇرىدۇ.

لەززەتلىنىش بولسا تەدرىجىي تاشقىرىغا يوللىنىپ، يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ، لېكىن يۈرەكنىڭ تېزلىكىنى غەزەپتەك تېز كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ.

ھەكىملەر كۈچ ـ قابىلىيەت بىلەن ھەقىقىي ئىستېداد ئارىسىنى نازۇك بىر سۈرەتتە ئايرىغانىدى: قابىلىيەت (كۈچ) ئىككى قارىمۇقارشى ھالەتتە باراۋەر سۈرەتتە بولىدۇ، ئىستېداد بولسا ئىككى قارىمۇقارشىلىقتا باراۋەر سۈرەتتە بولمايدۇ.

تەبىئىي روھ بەلەن، پۈراقلىق نەرسىلەرگە قاراپ ئىنتىلىدۇ، ئۇلاردىن قۇۋۋەتلىنىدۇ ھەم ئۇلاردىن ئوزۇقلىنىدۇ. تەبىئىي قۇۋۋەتلەر بولسا، شۈبھىسىز تەبىئىي روھنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن قۇۋۋەتلىنىدۇ.

گۈل خۇشبۇيلۇقى بىلەن روھ جەۋھىرىگە يېقىملىقتۇر. خۇسۇسەن روھنىڭ مىجەزى ئىسسىقلىق بولسا شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كېيىنكى ئەھۋالدا ئۆزىدىكى سوغۇقلۇق بىلەن روھقا پايدا قىلىدۇ. گۈلنى پۇراپ تۇرۇش روھنى مۇستەھكەملەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈل سۈيى — گۈلابنى ئاز ـ ئازدىن ئەكىرىپ ھۆللەنسە، ئىسسىقتىن بولغان

بىھوشلۇققا ۋە سىقىلىش، خاپىلىق، غەم، ھەتتا قان بېسىم كېسەللىكلىرىگە ئاجايىپ پايدىسى بولىدۇ.

گۈل بارلىق ئىچكى ئورگانلارغا ھەم پايدىلىقتۇر.

زەپەرنىڭ روھ جەۋھىرىنى كۈچەيتىشتە، نۇرلاندۇرۇشتا، ياخشىلاشتا، مۇستەھكەملەشتە، خۇرسەن قىلىشتا ئۇنىڭ ۋە گۈلىنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك خاسىيىتى بار.

مەدەن، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان جىنسىدىن بولغان مۇرەككەپ جىسىملارنىڭ ئاساسى تۆت ئۇنسۇر — ئېلېمېنتتۇر. بۇ ئۇنسۇرلار ئارىلىشىپ ئۆزئارا تەڭلەشكۈچە ياكى بەزىلىرى باشقىلارغا نىسبەتەن ئۈستۈن كەلمىگۈچە بىر - بىرىگە تەسىر قىلىدۇ. ئۆزئارا بۇ خىل تەسىر مەلۇم ھالەتكە بېرىپ توختىغاندا، ئاندىن ئاشۇ ھالەت ھەقىقىي مىزاجى (تەبىئىتى) بولىدۇ.

ئادەمنىڭ مىزاجى (ئۆزىگە خاس تەبىئىتى) ئادەمنىڭ ئۆزىدىن باشقىدا بولمايدۇ.

ئۇنسۇرلاردىن تەركىب تاپقان جىسىملاردىكى مەخسۇس مىزاجلاردىن خۇسۇسىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

قۇرغاق يەردە ياشىغۇچىلارنىڭ مىزاجلىرى قۇرۇق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىسى (ئۆڭى) قۇرۇپ يېرىلىپ كېتىدۇ، مېڭىلىرىدىمۇ قۇرۇقلۇق تېز ئۆتىدۇ. ئۇلاردا ياز ئىسسىق، قىش سوغۇق بولىدۇ.

ئەگەر قىش ناھايىتى نەملىك كەلسە، باھاردا يەڭگىشى مۇمكىن بولغان ئاياللارنىڭ ھامىلىلىرى كىچىككىنە بىر سەۋەبلەر بىلەنمۇ بويىدىن ئاجراپ كېتىشى مۇمكىن، تۇغقان تەقدىردىمۇ زەئىپ، كېسەل ياكى ئۆلۈك تۇغۇشى مۇمكىندۇر.

ئىسسىق جايلار تېرىنى قارايتىدۇ، چاچنى قارىمۇچ رەڭگىدە قىلىپ، ھەزىم قىلىشنى سۇسلاشتۇرىدۇ. ئەگەر نەملىكنىڭ كۆپ پارغا ئايلىنىشى نەتىجىسىدە كېمىيىپ كەتسە، ھەبەشىستانلىقلارغا ئوخشاش ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسىمۇ تېز قېرىيدۇ. ھەبەشىستاندا ياشىغۇچىلار باشقا جايلارغا قارىغاندا 30 ياشتا قېرىيدۇ. ئىسسىق جايلاردا ياشىغۇچىلارنىڭ بەدەنلىرى يۇمشاقراق كېلىدۇ.

ئوچۇق تاشلىق يەرلەردە ھاۋا يازدا ناھايىتى ئىسسىق، قىشتا سوغۇق بولىدۇ. مۇنداق يەردە ياشىغۇچىلارنىڭ بەدەنلىرى قاتتىق ۋە پىششىق بولۇپ، تۈكلىرى كۆپ بولىدۇ. بوغۇملىرى كۈچلۈك، مىزاجلىرىدا قۇرۇقلۇق ئۈستۈن بولۇپ، ئاز ئۇخلايدىغان كېلىدۇ.

قۇياش كۆپىنچە سەپەردىكىلەرنىڭ باشلىرىغا زىيان كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار باشلىرىنى قۇياشنىڭ ئىسسىق نۇرىدىن ياخشى ئاسراشقا ئامال قىلىشى كېرەك.

ئىسسىق چاغلاردىكى سەپەردىن ئازار چەككەنلەرنىڭ كۆپلىرى سوغۇق سۇدا ئۈزۈش ۋە چۆمۈلۈش بىلەن ئۆز ھالىتىگە كېلىدۇ. سوغۇق سۇدا چۆمۈلۈشكە ئالدىرىماسلىقى، بەلكى ئازراق سەۋر - تاقەت قىلىپ، كېيىنچە ئاستا - ئاستا چۆمۈلمىكى لازىم.

ئاياغ ۋە قولقاپلارنىڭ پۇت - قول مىدىرلىمايدىغان دەرىجىدە تار بولۇشى توغرا ئەمەس، چۈنكى ئورگانلارنىڭ مىدىرلاپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇشى ئۆزىدىن سوغۇقنى قايتۇرغۇچى سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. سىقىلغان ئورگانغا سوغۇق قاتتىق تەسىر قىلىدۇ.

كۆز پەسلى — ئورۇقلۇق بىلەن ئاغرىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ زىيانلىق پەسىلدۇر.

مىزاج يۇزىسىدىن ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا سوغۇق مىجەزلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇزۇلۇشتە ئەرلەرگە قارىغاندا كۈچسىزدۇر ھەمدە

مىزاجلىرى ھۆلرەك. مىزاج سوغۇقلۇقى نەتىجىسىدە قالدۇق نەرسىلەرمۇ كۆپ، جىسمانىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئازلىقىدىن گۆشلەرنىڭ ماددىسى بوشراقتۇر. ئەرلەرنىڭ گۆشلىرى ئۆزىگە ئارىلاشتۇرغۇچى نەرسىلەر بىلەن مۇرەككەپلىكى جەھەتتىن بوشراق بولسىمۇ، قىلىنلىقى ۋە زىچلىقى سەۋەبلىك ئىچىگە ئۆتكەن قان تومۇرلىرىدىن، نېرۋا تومۇرلىرىدىن كۆپرەك بولىدۇ.

## تەرمىلەر

يەر ئاددىي جىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىي ئورنى ھەممە جىسىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر. ئۇ ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن شۇ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆز ئورنىدىن ئايرىلسا، يەنە شۇنىڭغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ مۇتلەق ئېغىرلىقىدىندۇر. يەرنىڭ تەبىئىتى سوغۇق ۋە قۇرۇقتۇر، يەنى ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداقكى، ئۆز ھالىتىدە تۇرسا، چەتتىن بىرەر سەۋەب ئۇنى ئۆزگەرتمىسە، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن سوغۇقلۇق كەتمەيدۇ.

سۇ سوغۇق ھەم ھۆلدۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداقكى، ئۆز تەبىئىتى بويىچە تۇرسا، چەتتىن بىرەر سەۋەب ئۇنى ئۆزگەرتمىسە، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن سوغۇقلۇق كەتمەيدۇ.

قاچانكى قۇرۇق ھۆللۈك بىلەن قوشۇلسا، قۇرۇق نەرسە ھۆللۈكتىن پايدىلىنىپ سوزۇلۇشنى ۋە شەكىللىنىشنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. ھۆللۈك قۇرۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىدە پەيدا بولغان قاتتىقلىق ۋە تىكلىكنى ساقلاپ قالىدۇ. قۇرۇق ھۆلگە قوشۇلۇپ، چېچىلىشتىن ساقلىنىپ ۋە يىغىلىپ تۇرىدۇ. ھۆل قۇرۇققا قوشۇلۇپ ئېقىپ كېتىشتىن ساقلىنىدۇ.

ھاياتلىق ئالىمىدىكى تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ نەسىللىرى تۇغۇش - تۇغۇلۇش بىلەن ساقلىنىدۇ.

تاۋۇش ئىنسان ۋە ھايۋانلار ھاياتىدا ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرىدۇر. ھايۋانلار بىرەر خەۋپ - خەتەرنى سەزگەندە، بىر - بىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ تاۋۇش چىقىرىشىدۇ.

تاۋۇشنىڭ تەبىئەت ئىنئام قىلغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: ئىنسانلار، شۇنىڭدەك ھايۋانلار ئۆزلىرىنىڭ خۇرسەنلىكىنى ۋە خاپىلىقلىرىنى مەلۇم تاۋۇشلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە بىلدۈرۈشىدۇ. بەزى تاۋۇشلار ئاغرىقنى يوقاتسا، بەزىلىرى غەمكىنلىكنى يوقىتىدۇ.

ئۆز ئاۋازىدىكى تاۋۇش ئاھاڭلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ھېس قىلالىغان شائىر ئەڭ ياخشى شائىردۇر. چۈنكى، تەبىئەت شائىرغا تاۋۇشنى سۆيۈشتەك بەختنى ئىنئام قىلغان.
ئىنسانلارنىڭ قۇلىقى كۆپرەك مەنىلىك نۇتۇقلاردىكى تاۋۇشلارنى ئاڭلاشقا ماسلاشقان.

تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئىنئام قىلغان ئامەتلىرىدىن يەنە بىرى ئىنسان نۇتقىدۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ نۇتقىدىكى تاۋۇش ئاھاڭلىرى ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. مەسىلەن: كىشىلەر يىغلىغاندا باشقىچە ئاۋاز چىقىرىپ سۆزلىسە، دوق - پوپوزا قىلغانلىرىدا باشقىچە، چىچىلىپ سۆزلىگەندە ئاۋازى باشقىچە ئاھاڭدا چىقىدۇ، ۋەھاكازالار.

ئىنساننىڭ قەلبى ھەر بىر يىغى ۋە كۆڭۈلدىكىدەك نەغمە (ناخشا - مۇزىكا) دىن ئارام ئالىدۇ، كېيىنچە شۇ يېقىملىق نەغمە بىردىن غايىب بولسا، قەلب ھاياجانغا چۈشىدۇ. پەيدا بولۇشى بىلەن قەلبتىكى ھاياجان يوقىلىشقا باشلايدۇ.

دېمەك، يېقىملىق نەرسىلەردىن راھەتلىنىشنىڭ بىرىنچى سەۋەبى، يوقالغان نەرسىدىن قەلب ئىزتىراپ چېكىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئاشۇ ئىزدەلگەن تاۋۇشنىڭ كۇتۇلمىگەندە پەيدا بولۇشىدۇر.

نەغمىلەرنىڭ ھەرقانداق بىرىكمىسىدىن ئىنسان لەززەتلىنىۋەرمەيدۇ، بەلكىم بۇ بىرىكىشكە تېگىشلىك باشقا ھالەتلەر ۋاستىسى بىلەن لەززەتلىنىش سادىر بولىدۇ.

پەيلاسوپلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تەقلىد قىلىشلىرى ۋە ئەگىشىشلىرى نەتىجىسىدە، قەدىمكى زامان ئالىملىرىنىڭ دانا پىكىرلىرى ئۇلارنىڭ خاتالىرىنى يوشۇرۇپ كەلدى، شۇنىڭدەك مۇستەقىل پىكىرلەشكە توسقۇنلۇق قىلدى. بىز بولساق ئىلاجىنىڭ بارىچە ھەقىقەتكە ئېرىشىشكە ھەرىكەت قىلدۇق، لېكىن ھەر قانچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتقان بولساقمۇ، ئىشىمىزدا بەزى خاتا ۋە كەمچىلىكلەر ئۇچرايدۇ، بۇ خاتا ـ كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىشلىرى لازىم.

## «شېئىر سەنئىتى» كىتابىدىن

شېئىر ئىجتىمائىي بۇرچ مەقسەتلىرى ئۈچۈن يېزىلىدۇ.

شېئىر كۆپرەك تەبىئەت شائىرى بولغانلاردا توساتتىن ۋە تەبىئىي رەۋىشتە يارىتىلىدۇ.

ئادەملەر ئوبرازلىق پىكىر قىلىشقا مايىلراق بولىدۇ.

ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتىلغان سۆز كىشىنىڭ روھىنى ئۆزگىچە بويسۇندۇرىدۇ. مەلۇم بىر ئىشلار ئادەم تېخى كۆرمەستىن، ئۇلار ھەققىدە پىكىر يورۇتماستىن، ئۇنى تاللىماستىن تۇرۇپ، بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ياكى ماقۇل كېلىدۇ ياكى بۇ ئىشتىن ئۇ ئۆزىنى تارتىدۇ. بىر سۆز

بىلەن ئېيتقاندا، بۇنداق نەرسىلەردىن ئادەم بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، لېكىن بۇ بىئاراملىق ئاڭلىق رەۋىشتە ئەمەس، بەلكى كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتى تەسىرلەنگەنلىك نەتىجىسىدە سادىر بولىدۇ.

شېئىر كۆپىنچە ئۆز تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىپ، كىشىنى ھاياجانغا سالغىنى بىلەن ئادەمنى تېخى ئىشەنچكە ئىگە قىلالمايدۇ. بەزىدە شېئىردا ئېيتىلغان نەرسە يالغاندىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئوچۇق - ئايدىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان بولىدۇ①. مەسىلەن: كۈن ئىسسىپ كەتكەن بولسا، ئادەملەرنىڭ بىتاقەت بولغىنىنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، «بۈگۈن كۈن چىقتى، ئادەملەرنىڭ تىلى ئېسىلىپ قالدى» دېيىلىدۇ. ئەمما كۈننىڭ چىقمىغىنى ئېنىق، تىلمۇ ئېسىلمىغان، بىراق ئادەملەر كۈننىڭ ئىسسىقىدىن ئۇسسىغان، تەشنا بولغان خالاس. ياكى مەسىلەن: كىشى ھالىتىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇپ ئۇ «تاختا بولۇپ قالدى» دېيىلسە، ئەمەلدە ئادەمنىڭ تاختىغا ئايلانغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ ياكى ئۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ پسىخولوگىيىلىك ھالىتى ئىپادىلىنىدۇ. ئىبن سىنا بۇنداق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ گەپ قىلىپ لاپ ئۇرىدىغان ئوخشىتىشلارنى «يالغان» دەپ قارىماقتا. ئوبرازسىز بولسىمۇ، توغرا گەپلەرنى «راست» دەپ قارايدۇ. فارابىمۇ، ئىبن سىنامۇ بۇ توغرىدا بىرخىل چۈشەنچىدە بولۇپ، بۇلارچە ئادەتتە سۆز - جۈملىلەر ئۈچ خىل بولىدۇ: خىتاب، سەپسەتە ۋە شېئىردۇر. خىتاب بولسا سۆزلىرى راست بولغان ھاياتىي گەپلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. سەپسەتە بولسا يېرىم راست، يېرىم يالغان بولىدۇ. شېئىر بولسا پۈتۈنلەي يالغان بولىدۇ. بۇ يەردىكى «يالغان» لار بىلەن ئوبرازلىق گەپلەر شېئىردا ئىشلىتىلىدىغان ئەپىچىتى ئىبارىلەرنى، ئوخشىتىشلارنى دېمەكچى بولىدۇ. ئىبن سىنا ئوبرازلىق بولغان ئاددىي سۆزلەرنى

① ئاپتور بۇ يەردە ئوبرازلىق گەپلەر، شېئىردا ئىشلىتىلىدىغان ئوخشىتىشلارنى نەزەردە تۇتماقتا.

«راست» ھېسابلايدۇ. شۇنداق «سۆزلەرنى قىلىپمۇ راست ئېيتىش مۇمكىن» دېمەكچى. ئەگەر تەقلىد ئىككى نەرسە ئوتتۇرىسىدا بولۇپ قالغىنىدەك بولسا، گەرچە ئۇ يالغان بولسىمۇ، بۇنداق قەدىر ـ قىممەت ھەرىكەتكە كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسىنىڭ سۈپەت بەلگىلىرىنىڭ بايانى بىلەن ئابروي ـ ئېتىبارىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان نەرسە توغرىسىدا بولسا، بۇنىڭغا ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇ توغرا بولغان بولىدۇ، ھەتتا شۇنداق بولۇشى ھەم زۆرۈردۇر.

توغرا سۆز سەل ئۆزگەرتىلىپ، ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك تەرزدە ئېيتىلسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا ئانچە ـ مۇنچە نەرسىلەر قوشۇلغان بولسا، بۇ نەرسە ئىنسان روھىغا ماقۇل كېلىدۇ. بەلكى بۇنداق سۆزلەرنى ئوبرازلىق قىلىپ، راستتەك قىلىپ ئېيتىشمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن، ئوبرازلىق گەپلەر ئارقىلىق دىققەت ـ ئېتىبار چىنلىق تۈيغۇسىغا قارىتىلغاندىمۇ بولىدۇ. شۇ چاغدا ئوبرازلىق گەپلەرمۇ، راست گەپلەرمۇ ماقۇل كېلىدۇ، لېكىن بۇنداق ئوبرازلىق گەپلەر ئەجەبلىنىشكە سازاۋەر بولۇپ، بۇنداق سۆزلەردىن كىشى روھى لەززەتلىنىپ يېنىكلەپ قالىدۇ. ئىبن سىنا بۇ يەردىمۇ ئوخشىتىشنى نەزەردە تۇتقان. مەسىلەن: ئىشقا يارىمايدىغان بىر كىشىگە ئىش بۇيرۇسىڭىزمۇ ياكى بىرەر ئىش يۈزىسىدىن ياردەمگە چاقىرسىڭىز، ئۇ بۇنداق ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقىنى ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ شۇنداق دەيدۇ:

—— مېنىڭ دوپپام يەرگە چۈشۈپ كەتسە، مەدىكار چاقىرىپ كېيدۈرۈمەنۇ، بۇنىڭ ماڭا تېخى ئىش بۇيرۇشىنى كۆرمەمدىغان ـ ھە!

بۇنىڭدىن بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن يۇقىرى تۇتقان ھاكاۋۇرلۇقى چۈشەندۇرۇلىدۇ، شۇنىڭدەك يەنە باي ـ دۆلەتمەنلىكى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. مۇبادا ئۇ «ياق» دەپ رەت قىلغاندا، ئۇنچىلىك بولماس ئىدى. ئۇ دېمەكچى بولغان گېپىنى ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقىنى ئۈچۈن ئىبن سىنا بۇنداق سۆزدىن كىشى روھى يېنىكلەپ قالىدۇ، دېمەكچى. پىكىر شۇنداق ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتىلغاچقا،

ئۇنىڭ كېيىدىن ئىش چىقمىغانلىقىغا قانائەت هاسىل قىلىنىدۇ، بۇ يەردە ئىبن سىنانىڭ ئېيتماقچى بولغىنى «راست» دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ، دېمەكچى. ھەرقانداق ئۇقۇم ئەگەر ئېيتىلغانغا مۇۋاپىق كەلگۈدەك بولسا، ئۇنى راست دەپ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

نەرسىنىڭ ئۆزى قانداق بولسا، شۇنداقچە ئەمەس، بەلكى ئۇنى سەل ئۆزگەرتكەن تەرزدە ئېلىنغىنىغا ئوخشاش ئۆزلەشتۈرۈش ياكى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىش دېيىلىدۇ. شېئىر مانا شۇ ئوخشىتىش بىلەن ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ تەركىبىدىن هاسىل بولىدۇ. چۈنكى، تەقلىد قىلىشنىڭ ئۆزى ئىنسانغا نىسبەتەن تەبىئىي بولغان بىر نەرسىدۇر. تەقلىد ئۇقۇمنىڭ ئۆزى بولماي، بەلكى ئاشۇ ئۇقۇمنىڭ ئوخشىشىدۇر.

شېئىر ئۈچ خىل نەرسە بىلەن خىيالغا تەسىر قىلىدۇ ۋە تەقلىد قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئاھاڭ بولسا، شۈبھىسىز ئىنسان روھىغا تەسىر قىلىدۇ. ھەر بىر مەقسەتنىڭ ھالىتىگە قاراپ ئاھاڭ ماس كېلىۋېرىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ئۇنىڭ تومتاقلىقى، يېقىملىق ۋە يۇمشاقلىقى، ياكى بولمىسا ئوتتۇرىچە بولۇشىغا قارىلىدۇ. خۇددى شۇ تەقلىدتىكى ئوخشىتىشنىڭ ئۆزىمۇ كىشى روھىغا تەسىر قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ، پەقەت بۇنىڭدا سۆزلەرمۇ ئوبرازلىق قىلىپ تۈزۈلگەن ۋە ئوخشىتىلغان قىلىپ ئېيتىلغان بولۇشى شەرت. ئۈچىنچىسى، ۋەزىن بىلەن بولىدىغان تەقلىدلەر. ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭدا يېنىك ۋەزىنلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەغرۇر ۋە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن ئاڭلىنىدىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئېھتىمال بۇلارنىڭ ئۈچىلىسى بىرلىشىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن ياكى بولمىسا ۋەزىن بىلەن ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەر ئالاھىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مانا شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ شۇنداقكى، بىر ـ بىرىگە مۇناسىپ كەلگەن نەغمىلەر بىلەن رىتىمدىن ئاھاڭ تۈزۈلىدۇ، بۇ ئاۋاز سۇناي بىلە ئۇد (كۆپ تارىلىق ئۈچ بۇرجەك چالغۇ) مۇزىكىلىرىدا بار بولسا كېرەك.

ئىنساندا شېئىرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىككى خىل سەۋەبى بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، تەقلىد ـ ئوخشىتىش بىلەن لەززەتلىنىش بولسا، ئىككىنچىسى، ياشلىقىدىن باشلاپ شۇ تەقلىد ئىنسان پائالىيىتىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكىدىن بولىدۇ. مانا شۇ خىسلەت بىلەن ئىنسان باشقا تىلسىز هايۋانلاردىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىنسان تەقلىد مەسىلىسىدە تىرىك زاتلاردىن ئەڭ كۈچلۈكى سانىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە هېچقانداق تەقلىد بولمايدۇ، بەزىلىرىدە ئازغىنە بولىدۇ. بۇ يا نەغمە ـ كۈيلەش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: تۇتىقۇشقا ئوخشاش ياكى مايمۇنغا ئوخشاش لاياقەت هاسىل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ئادەملەر يىرگىنچلىك ۋە ئىپلاس هايۋانلار تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەرنى كۆرگەندە، ئۇنى كۆرۈپ ياكى ئويلاپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ مەنزىرىدىن خۇرسەن بولىدۇ. ئەگەردە ئاشۇ سۈرەتلەرنى كۆرۈۋاتقان ئادەملەر ئەسلىي هايۋانلارنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشكەندە، ئۇلاردىن يىرگىنىپ يۈز ئۆرۈگەن بولۇشىدۇ. بۇ چاغدا خۇرسەن قىلىدىغان نەرسە ئاشۇ سىزىلغان سۈرەتنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس، بەلكى باشقا نەرسىلەرگە ناهايىتى ئوخشىتىلىق بىلەن ئوخشىتىلىشى سەۋەبلىكتۇر.

تەقلىد كىشىگە خۇرسەنلىك بېغىشلايدۇ. بۇنىڭغا دەلىل شۇكى، سەن قانداقتۇر بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولمايسەن، سەنەمگە ئىبادەت قىلغۇچىمۇ ئۆزى ئۆگەنگەن سەنەمنى[1] كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنمەيدۇ، گەرچە ئۇ سەنئەت ۋە زىننەتتە يېتۈك سۈرەتتە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، بۇلاردا سەن خۇددى بىر نەرسىگە ئوخشىتىلىپ، تەقلىد قىلىنىپ سىزىلغان رەسىمگە تىكىلىپ خۇشال بولغىنىڭدەك سۆيۈنمەيسەن.

---

[1] سەنەم ــ تاش، ياغاچ، توپا ياكى مېتالدىن ئىنسان شەكلىدە ياسالغان بۇت، هەيكەل، گۈزەل نازىنىن.

يۇنانلاردا شېئىرىي يول بىلەن پىكىر ئىپادىلەش ماختاشقا سازاۋەر بولار ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۇلار ئۆز پىكىرلىرىنى شېئىرىي تەقلىد بىلەن ئىپادىلەر ئىكەن. ئۇلار ئادەملەردىكى روھىي چۈشەنچىلەرنى ئوبرازلىق قىلىپ يارىتىلغان شېئىرىي يول بىلەن ئىپنىقلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن چاقىرىق سەنئىتى — ناتىقلىق سەنئىتى كېلىپ چىققان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئادەملەرنى ئۆز چۈشەنچىلىرىگە ئىشەندۈرۈشكە ئىنتىلگەن. شېئىرىي تەقلىد ۋە چاقىرىق بولۇپ، ئىككىلىسى سۆز — ئىبارىگە تەئەللۇقتۇر. ئۇلارنىڭ بىرى ئىرادىنى قوزغايدۇ، باشقىسى بولسا بىر نەرسىنىڭ مەۋجۇت ۋە مەۋجۇت ئەمەسلىكى ھەققىدىكى پىكرىنى قوزغايدۇ، ئۇنى ئىزدىشى ياكى بولمىسا، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىشتىن قەتئىينەزەر شۇنداق بولىدۇ.

## «ھايۋانلار» كىتابىدىن

ھايۋان ھاياتىنىڭ قىزىق تەرەپلىرىدىن بىرى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى ئۇستىدىن غەلىبە قىلىشلىرى ۋە بىر - بىرىنى ئۇۋلاشلىرىدۇر. كۆپىنچە ھايۋان دەسلەپ ئۇۋلانغان جايدا ئۇۋلايدۇ.

ئېيىق ھەممە جانىۋارلارنىڭ گۆشلىرىنى يەۋېرىدۇ. ئۇ مېۋىلەرنىمۇ، قىسقۇچپاقا ۋە چۈمۈلە قاتارلىق ئۇششاق جانىۋارلارنىمۇ يەيدۇ. ئۇ ۋەھشىي ھايۋان بولۇشىغا قارىماي، بەدىنىنىڭ مۇلايىملىقى بىلەن بەزى تۆت ئاياغلىق، ئەقىلسىز ۋە سۆزلىيەلمەيدىغان ھايۋانلارغا ئوخشاپراق كېتىدۇ.

ئېيىق بۇغىنى دۆك ۋە ئېگىز يەردىلا ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇنغان جايىدىنمۇ تۇتۇۋالىدۇ...

شىرنىڭ تائام يۇتۇشى ئىخلاسلىق بىلەن بولىدۇ. ئۇ گۆشىنىڭ ئۇزۇلگەن بۆلەكلىرىنى چايناپ يۇتۇشقا تاقەت قىلالماي، بىراقلا يۇتۇۋېتىدۇ - دە، تىقىلىپ قالغۇدەك بولسا چۆرۈپ تاشلايدۇ ۋە

www.uyghurkitap.com

يېيىشنى قايتىدىن باشلايدۇ. شىرنىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىن ئوزۇقلۇق يەپ، قارنى شۇ دەرىجىدە تويۇپ كېتىدۇكى، ھەتتا ئىككى كېچە ـ كۈندۈز جايىدا قىمىرلىماي ياتىدۇ، تۇرار جايىمۇ سېسىق بولىدۇ.

ئېيىقنىڭ ئۆزگە خاس سۇ ئىچىشى بولغىنىدەك، بوينى ئۇزۇن قۇشلارنىڭمۇ ئۆزگە خاس سۇ ئىچىشى بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار سۇ ئىچكەندە بېشىنى يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ، كېيىن يەنە ئېگىلىپ سۇ ئىچىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى بويۇنلىرىنىڭ تارلىقى ۋە بوينى سۇغا سوزۇلغان ۋاقىتتا سۇنىڭ پەستىن يۇقىرىغا بېرىشى قىيىن بولغانلىقتىن شۇنداق بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇشلارنىڭ سۇ ئىچىشىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ.

ئات، قېچىر ۋە ئېشەكلەرنى سۇغىرىپ تۇرۇشمۇ سەمرىتىدۇ. كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى (قارامال لار) تىنىق سۇ ئىچىدۇ، ئات ۋە تۆگە لاي سۇغا مايىلراق كېلىدۇ. ئاتلار تىنىق سۇنى تۇيىقى بىلەن لايلىتىپ، ئاندىن ئىچىدۇ.

تۆگىلەرنىڭ بەزىلىرى يۈز يىل ياشايدۇ. ئەمما پىل بولسا، بەزى كىشىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ئىككى يۈز يىل ياشىغانمىش. بەزى كىشىلەر پىللاردىن، ھەتتا تۆت يۈز يىل ياشىغىنىمۇ بار، دەپ ئويلاشماقتا.

ئۆششاق ماللارنى پات ـ پات سۇغىرىپ تۇرۇشمۇ سەمرىتىدۇ. تۇز ئۇلارنى ئەتلىك (گۆشلۈك) ۋە سالامەت قىلىش بىلەن تەشنالىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆپ سۇ ئىچىشكە ياردەم بېرىدۇ. بۇنى ئەمدۇرىدىغان سېغىن ماللارغا تۇز يېگۈزۈلۈپ، تەشنالىقى قاندۇرۇلسا، كۆپ سۈت بېرىدىغان بولىدۇ؛ ئاچ قالدۇرۇپ كېيىن بىردىنلا يەم بېرىلسە، كۆپ سۇ ئىچىدۇ ـ دە، تېزلا سەمرىيدۇ. كۈزدە ئۇلارغا شامال ئۇچتىن تەگكەن سۇنى ئىچكۈزۈش شامال سولدىن تەگكەن سۇنى ئىچكۈزۈشكە قارىغاندا مۇۋاپىقراق بولىدۇ. ماللارنى كەچكە يېقىن ئوتلىتىش ئۇلار ئۈچۈن

پـــايدىلىقراقتۇر. مـــاللارنىڭ ئۈستىگـــە قـــار ۋە شـــەبنەم چۈشســـە، سېمىزلىرى ئۈستىدە ئۇزاقـراق تـۇرۇپ قالسـا، ئـورۇق ـ ئـاجىزلىرى چىدىماستىن سىلكىنىپ بىئارام بولـۇپ كېتىدۇ، سېمىزلىرى بولسا پەرۋا قىلمايدۇ. ئۈششاق مـاللارنىڭ تـاغلاردا ئوتلايدىغانلىرىنىڭ گۆشى ئورماندا ئوتلايدىغانلىرىنىڭ گۆشىگە قارىغاندا لەززەتلىكرەك بولىدۇ.

قۇيرۇقى كەڭ كەلگەن كىچىك مال ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق مـالدىن كـۆرە سوغۇققا چىداملىقراق كېلىدۇ.

تۆت پۇتلۇق هـايۋانلاردىن كىرپە بىلـەن ئېيىقتىن بۆلەك غـايىب بولـۇپ، كۆرۈنمەي تۇرىدىغانلىرى يوق. ئـۇلار بىرقانچە ۋاقىت تاشتەك قېتىپ ياتىدۇ، ئوچۇق يۈزى بىلـەن كۆرۈنمەيدۇ ۋە ئوزۇق يېمەيدۇ. ئاشۇ ۋاقىتتا ئـۇلار سېمىزلىك ۋە هۇرۇنلۇقنىڭ چېكىگە يەتكەن بولىدۇ. چىشىلىرى بولسا مۈشـۈ پـەيتلەردە تۇغىدۇ. چىشى ئېيىقنى بوغـاز ۋاقتىدا هېچكىم تۇتۇۋالالىغان ئەمەس، چۈنكى ئـۇ بوغـاز مەزگىلىنى يوشۇرۇن جـايدا ئـۆتكۈزىدۇ. ئېيىقلارنىڭ قـاتتىق، ئـۇزۇن ئۇخـلاپ يېتىشىنىڭ ئەڭ قىسقىسى قىرىق كـۈن بولـۇپ، بەزىدە ئۇخلاشلىرى بىرنەچچە ئايلارغا سوزۇلىدۇ، دېيىشىدۇ.

يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ياشىشى پەقەت ئـوۋ قىلىش ۋە گۆشىدىندۇر، لېكىن بۇ ناهايىتى كۆپ بولىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. ئەمما ئېيىق ئىككىلا ئىشنى بېجىرىۋېرىدۇ. ئـۇ گـۆش، مېۋە ۋە باشقا نەرسىلەرنىمۇ يـەۋېرىدۇ. بـۇ نەرســىلەر دەرەخلەرگــە چىقىشــقا مـــەدەت ۋە قـــۇۋۋەت بېرىدىغان نەرسىلەر هېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئېيىقنىڭ بەدىنى ئېغىر، هەرىكىتى كۆپ بولغان يىرتقۇچلار روهىغا ئوخشاش قاتتىقمۇ ئەمەس.

بايتـال ئۆچۈرۈلگـەن چىـراغنىڭ تۈتۈنىنى هىدلىغـان ۋاقىتـدا يىقىلىدۇ. بۇ هالەت كۆپىنچە بوغاز ۋاقتىدا يۈز بېرىدۇ.

ئـاتلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شـۇكى، هـەر بىـر ئـات بىـر

www.uyghurkitap.com

چاغلاردا ئۆزى بىلەن تېپىشىپ ئۇرۇشقان ئات بولسا، ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇپ قالىدۇ.

ئاتلار ئۆزلىرى ئىچىۋاتقان سۇغا چۈشۈشكە مايىل كېلىدۇ.

بەزى مەملىكەتلەردە قۇلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم غېرىچ كېلىدىغان تېكىلەر بار، بەزىلىرىنىڭ قۇلىقى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. بەزى مەملىكەتلەردە تاجىلىق سىيىرلەرمۇ بار، بەزى جايلاردا ئۆچكىلەر خۇددى قويلارغا ئوخشاش يۇڭى قىرقىلىدۇ. لىبىيا[1] دېگەن يەردىكى قويلاردىن مۈڭگۈزلۈك قوزىلار تۇغۇلىدىكەن.

مىسىردا نەسىل ئېلىش ۋە بېقىش ئۈچۈن ساقلىنىدىغان ھايۋانلار چوڭ گەۋدىلىك كېلىدۇ. ئېيتىشلارچە، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئۇ يەردە ئوتلىتىشنىڭ ھەممىگە ئوخشاش يول قويۇلىدىغانلىقى ۋە ئوۋ قىلىشنىڭ يوقلۇقى ياكى ئازلىقىدۇر. ئەمما توشقانلار بولسا ئادەتتە دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدۇ، بۇنداق جايلارنىڭ بۇ يەرلەردە ئازلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆل مېۋىلەرنىڭ پات - پات ئۈزۈلۈپ تۇرۇشى تۈپەيلى، بۇ يەردىكى توشقانلارنىڭ جۈغى كىچىك بولىدۇ.

ھايۋانلار بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغاندەك، ئەخلاقتا ھەم پەرقلىق بولىدۇ. بەزىسى مۇلايىم تەبىئەتلىك، جاھىل ۋە زەردىسى ئاز بولىدىغان كېلىدۇ. مەسىلەن: سىيىر. لېكىن بەزىلىرى بەك جاھىل، غەزىپى قاتتىق بولىدۇ.مەسىلەن: ياۋايى توڭگۇز قاتارلىقلار. بەزىلىرى مۇلايىم، ياۋاش - يۇمشاق ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە قاتتىق چىدامسىزمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: تۆگىلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. بەزىلىرى يامان تەبىئەتلىك، پۇرسەت كۈتكۈچى كېلىدۇ. مەسىلەن: يىلان. بەزىلىرى جۈرئەتلىك، كۈچلۈك، قەھر - غەزەپلىك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالىيجاناب ۋە شىرغا ئوخشاش مەرھەمەتسىز بولىدۇ.

[1] لىبىيا ــــ ھازىرقى ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان لىۋىيە دۆلىتى.

بەزىلىرى كۈچلۈك، پۇرسەت كۈتكۈچى ۋە ياۋايى بولىدۇ. مەسىلەن: بۆرىگە ئوخشاش. بەزىلىرى ھىيلىگەر، مەككار ۋە يامان (بۇزۇق) نىيەت كېلىدۇ. مەسىلەن: تۈلكىگە ئوخشاش. بەزىلىرى بولسا جەھلى تېز، قاتتىق غەزەپلىك، ئاسان ئالدىنىدىغان گول كېلىدۇ ـ يۇ، لېكىن يېلىنىدىغان، يېقىملىق كېلىدۇ. مەسىلەن: ئىتقا ئوخشاش. يەنە بىر خىلى ناھايىتى زېرەك، ئادەملەرگە يېقىنلاشقۇچى كېلىدۇ. مەسىلەن: پىل ۋە مايمۇنلارغا ئوخشاش. بەزىلىرى ئارىلاش ۋە ئۆچمەنلىك ساقلاشقا مايىللىراق كېلىدۇ. مەسىلەن: غازغا ئوخشاشتۇر. يەنە بىر خىللىرى بار بولۇپ، ھەسەتخور، نەپرەتلەنگۈچى ۋە ئۆز چىرايى بىلەن مەغرۇرلانغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن: توزغا ئوخشاش. ھايۋانلاردىن بىر خىلى ئاداۋەت ساقلىغۇچى ـ ئۇنتۇمايدىغان كېلىدۇ. مەسىلەن: ئېشەك بىلەن ئەركەك تۆگىگە ئوخشاشلار. ئەمما ئۇنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىش بۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىشتۇر.

قارىغۇ چاشقاندا ئىككى كۆز بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى زەئىپ بولغىنى ئۈچۈن يۇپقا تېرە بىلەن قاپلانغان. بۇمۇ ئاناتومىيىلىك كۆزىتىشتە ئېنىق كۆرۈنىدۇ. قارىغۇ چاشقاننىڭ ئىككى كۆزى رەڭ ۋە شەكىللەرنى ئەمەس، سايىلەرنىمۇ بايقايدۇ.

جانىۋارلارنىڭ ھەممىسىدە قۇلاق بولىدۇ، قۇشلاردا بولسا قۇلاق ئورنىدا پەقەت تۆشۈك بولىدۇ. تېرىسى تەڭگىسىمان، يالتىراق سۇ ھايۋانلىرىدىن ئايرىملىرىدىمۇ قۇلاق بولمايدۇ. دېلفىن ۋە ئەفئا ــــ ئەجدىھادىن بۆلەك بارلىق تۇغىدىغان ھايۋانلاردا قۇلاق بولىدۇ. قۇلاق ئۇستىدىكى تۈكنىڭ ئوتتۇرىدا بولۇشى ئاڭلاش قۇۋۋىتىنىڭ ياخشىلىقىغا دالالەتتۇر.

ھايۋانلاردىن بىر خىلى باركى، مېڭىشقا قايسى تەرەپ توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن شۇ تەرەپ بىلەن ماڭىدۇ. بەزىلىرى باركى، ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدە ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپنى نىشان قىلىپ يول ئالىدۇ. مەسىلەن: شىر، خۇراساننىڭ ئەلا سورتلۇق نەسىللىك تۆگىسى

ۋە باشقا ئىسىلزادە تۆگىلىرىگە ئوخشاش.

ھەربىر تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار قۇيرۇقلۇق بولىدۇ. قارا مۇزاينىڭ قۇيرۇقى بولسا تۆگىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش يۇڭلۇق بولۇپ، ئالدى تەرەپ كەينىدىن كۆرە يۇڭلۇقراقتۇر.

تۆگىلەرنىڭ ئەركەكلىرىدە ئۆزىگە خاس بىر ئەزا بار. ئۇ بولسىمۇ ئارقا بەلدىكى ئۆركەشتۇر. كۆپىنچە ئەركەك تۆگىدە ئىككى ئۆركەش بولىدۇ. تۆگىنىڭ ئوشۇقى ئۆكۈزنىڭ ئوشۇقىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئوشۇق ئۆز گەۋدىسىگە بىنائەن كىچىكرەكتۇر. پىلنىڭ ئوشۇقىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. تۆگىنىڭ پۇتى غازنىڭكىگە ئوخشاش ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا تېرە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئايىغى ئېيىقنىڭ ئايىغىغا ئوخشاش گۆشلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېيىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا «پەشنە» قىلىنىدۇ، يەنى بىرەر نەرسە كىيدۈرۈپ قويۇلىدۇ.

بۇغا مۈڭگۈزىدىن باشقا بارلىق مۈڭگۈزلەرنىڭ ئىچى كاۋاك بولىدۇ. مېنىڭچە، تۇركلەرنىڭ يۇرتىدا بولىدىغان ھايۋانلاردىمۇ شۇنداقتۇر. ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، بۇ ھايۋانلار قىسمەن ئۆكۈز، سىيىر قاتارلىق قاراماللارغا ۋە قىسمەن ئەركەك تۆگىگە ئوخشايدىكەن. مۈڭگۈزى ناھايىتى چوڭ، بويلۇق ۋە ئەتراپلىق يېتىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن يوقالغان تارماقلىرى يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىچە بىر پۈتۈن مۈڭگۈزدەك، ھەربىر مۈڭگۈزلۈك ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزى ئۆزىدىن ئاجرالمايدۇ. ئەمما بۇغىنىڭ مۈڭگۈزى بۇنداق ئەمەس، بۇغا ئۆز مۈڭگۈزىنى ۋاقتى كەلگەندە تاشلايدۇ. مەن ئۇنى بىرىنچى قېتىم بۇخارا قىشلاقلىرىدىن يېڭى قىشلاق دەپ ئاتىلىدىغان يەردە كۆرگەنمەن.

پىلنىڭ بالىسى تۇغۇلۇش بىلەنلا كىچىك چىشلىرى كۆرۈنىدۇ. چوڭ چىشلىرى بولسا تاكى ئۆزى چوڭ بولغانغا قەدەر كېچىكىپ، كېيىن چىقىدۇ. پىلنىڭ تىلى ئۇنىڭ گەۋدىسىگە قارىغاندا تولىمۇ

كىچىك ۋە بىرئاز يوشۇرغانغا ئوخشاش ئىچىگە كىرگەن بولۇپ، ئازراق كۆرۈنىدۇ، خالاس.

ھايۋانلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ چىشلىرى ئۆتكۈر، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنداق ھايۋاننىڭ ئېغىز لېۋى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشاش يېرىلغان بولىدۇ.

ئېغىزنىڭ ئۇستۈنكى ئىككى سۆڭەك قىسمىدا چىشلىرى يوق ھەرقانداق ھايۋاننىڭ يېغى ئېرىگەندىن كېيىن قېتىپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ يېغى قاتمايدۇ.

كىرپىنىڭ تىكىنى يۇڭلارنىڭ جىنسىدىن سانىلىدۇ، لېكىن ئۇ يۇقىرى دەرىجىدە يوغان، قېلىن ۋە قاتتىق بولىدۇ.

تۆگە ۋە توشقان قېنىدىن باشقا بارلىق ھايۋانلارنىڭ قېنى قاتىدۇ. ئۆكۈزنىڭ قېنىمۇ تېزلىك بىلەن قېتىپ قالىدۇ.

ئىنسانلاردىن باشقا ھايۋانلارمۇ بەزىدە چۈش كۆرىدۇ. تۆت ئاياغلىقلارنىڭ ئۇخلىغان ۋاقىتتىكى پېئىل ــ ئەتىۋارى، ھەركىتى ۋە ئاۋازلىرى ئۇلارنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمدى ھايۋانلارنىڭ ئەركەك ۋە چىشىسىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەركەك ۋە چىشى دەپ بۆلۈنۈۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: دېڭىزدىكى قاتتىق قاسىراقلىق ھايۋانلارغا ئوخشاش جانىۋارلار. ئەمما يۇمشاق قاسىراقلىق ھايۋانلاردىن بەزىلىرى ئەركەك ياكى چىشى دەپ بۆلۈنىدۇ.

جانىۋارلارنىڭ چىشىسى زەئىپرەك، تۈكلىرى ئىنچىكىرەك، ئاۋازلىرى ئۆتكۈرەك كېلىدۇ. چىشى ھايۋانلاردا كۆپىنچە مۇڭگۈز ۋە ئالدى چىشلىرى قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرى بولمايدۇ. بۇغىنىڭ

چىشىسىدە مۇڭگۈز، مېكىياندا ئارتۇقچە دوكۇر بولمايدۇ. بەزى توخۇلارنىڭ بىرلا پۇتىدا ئارتۇقچە دوكۇر بارلىرى تاسادىپىي تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنداقلار كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. مېكىجىنلەرنىڭ ئالدى چىشلىرى بولمايدۇ. بەزى چىشى ھايۋانلاردا مۇداپىئە قورالى كۈچلۈكرەكلىرىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: شىرلاردا.

قۇرغۇيلار تاغلارنىڭ چوققا ۋە ئېتەكلىرىدە، چوڭ يولدىن چەترەك جايلاردا تۇخۇم چىقىرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالمىسا ئۇۋىسىنى بىلىپ بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. مېنىڭچە قۇرغۇينىڭ ئۇۋىسىنى كۆپ كىشىلەر كۆرگەنۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياشايدىغان يېرىنىڭ يوشۇرۇنلۇقىدىن ھېچكىم بىرىپ يېتەلمەيدىغان دەرىجىدىدۇر. ئۇنىڭ ئۇۋىسى ئۇنىڭ خانىسىدىن ئىبارەت.

بۈركۈت ئېگىزلىكتە تۇخۇم چىقىرىپ باسىدۇ، ئىككى تۇخۇمىنى بېسىپ ياتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئويلىشىچە، ئۈچىنچى تۇخۇمىنى يوقىتىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۇۋىسىدا ئۈچ چۈجىنىڭ چىقىرىلغانلىقىنى كۆرگەنلەر بولغان. ئەگەر كۈتۈلمىگەندە شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۈچىنچىسىنى قانتى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇۋىسىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. بۇنداق قىلىش بولسا ئۈچ بالىغا ئوزۇق يەتكۈزۈشنىڭ تەسلىكىدىندۇر. ئەلۋەتتە، بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ ناھايىتى ئاجىزلىشىدىغان چاغلىرىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ۋاقىتلىرى تۇخۇم بېسىش ۋە بالىلىرىغا نۆۋەتچىلىك بىلەن قاراش ئارقىلىق ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ جەرياندا ئوۋدىن قېلىپ، ئوزۇقلىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، نەتىجىدە ئوزۇقىغا باشقىلارمۇ شېرىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بالىلىرىغا قاتتىق مۇئامىلىدە بولىدۇ.

بۈركۈتلەرنىڭ قارىسى پېئىل — ئەتىۋارى جەھەتتىن مۇلايىم ۋە بالىلىرىغا مېھرىبان بولىدۇ. ئەمما بۈركۈتنىڭ قوغلاپ چىقىرىدىغان بالىسىنى بولسا فىنى دېگەن خىلى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ.

بۈركۈت، لەگلەك ۋە باشقا چوڭ قۇشلارنىڭ تۇخۇم بېسىش



www.uyghurkitap.com

مۇددىتى ئوتتۇز كۈن، قارچىغا، لاچىن ۋە سا قاتارلىق ئوتتۇرىچە گەۋدىلىك قۇشلارنىڭ تۇخۇم بېسىشى بولسا يىگىرمە كۈن بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى ئىككى، ئەڭ كەم بولغاندا ئۈچتىن ئاشمايدۇ.

چاڭگا تىزىدىغان قۇشلار ئۆز باللىرىنىڭ قۇۋۋەتلىنىپ كۆچكە كىرگىنىنى سەزسە، كۆپىنچە ئۇنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.

ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ماڭا كەلگەن خەۋەرگە قارىغاندا، بۇ قۇش باللىرى مۇشۇ چاغلاردا بىرنەچچە يىل داۋامىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن ئاتا ـ ئانىلىرى باللاردىن يىراقلىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۇياق ـ بۇياقلارغا تاشلايدۇ. دېمەك، باللىرى شۇ چاغدىمۇ ئۇلارنى قىيىنچىلىققا سالىدۇ. بۇ بولسا ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كۆزدىن يىراق چېگرىلارغا ئۆتۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئەمما قۇزغۇن بولسا، ئۆز باللىرىنى بىرمۇنچە ۋاقىت ئۈچۈرۈش بىلەن پەرۋىش قىلىدۇ. كۆپىنچە ھاۋادا ئۈچۈپ يۈرۈپ، ئۇلارغا ئاغزىدا ئوزۇق بېرىدۇ.

توز 25 يىل ياشايدۇ، ئۇ ئۈچىنچى يىلىدىن باشلاپ قانات ـ قۇيرۇقلىرى يېتىشىپ، رەڭگىرويى ئېچىلىپ، ھەرخىل رەڭگە كىرىپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندىن كېيىن تۇخۇم باسىدۇ. ئۇ بىر يىلدا بىر قېتىم 12 تۇخۇم باسىدۇ. ئۇ تۇخۇملىرىنى 30 كۈن بېسىپ ياتىدۇ. شۇ چاغدا بەزىدە بىر كۈن، بەزىدە ئىككى ۋە بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بۇ تەرتىپلەر بۇزۇلىدۇ. توز دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈشى بىلەن باراۋەر ئۆز پېتىنى تاشلايدۇ ۋە دەل ـ دەرەخلەر كۆكىرىشكە باشلىشى بىلەن ئۆز پېتىنى ئۆستۈرۈپ ئەسلىي ھالىتىگە كېلىدۇ.

توخۇ بەزىدە توزنىڭ تۇخۇمىنى، بەزىدە ئۆردەك تۇخۇمىنى، باشقا قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىنىمۇ بېسىۋېرىدۇ. گەرچە توزنىڭ چىشىسى بار بولسىمۇ، كۆپىنچە تۇخۇملىرىنى توخۇغا باستۇرۇشنى ئىزدەيدۇ، چۈنكى

تورنىڭ ئەركىكى ئۆزىنىڭ چىشىسى بىلەن ئوينىشىپ، ئۇنىڭ تۇخۇم بېسىپ يېتىشىغا كاشىلا قىلىدۇ. نەتىجىدە بەزىدە ئۇنىڭ ئاستىدىكى تۇخۇملار چىقىپ قالىدۇ. مانا شۇ سەۋەبلىك چىشى تورلار تۇخۇمنى ئەركەكلىرىدىن يىراقراق جايدا باسىدۇ. توخۇنىڭ تور تۇخۇمىدىن ئىككىدىن ئارتۇقىنى بېسىشقا قۇربىتى يەتمەيدۇ. توخۇ كېيىنكى پەيتلەردىمۇ يېمەكلىك يەتكۈزۈش ئارقىلىق يوقلاپ ۋە خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ.

دان يەيدىغان قۇشلاردىن قۇرتلارنى يەيدىغان ۋە يېمەيدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ ھايۋانغا يېقىنلاشمايدىغىنى بولسا پەقەت ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇق قىلىدۇ. قۇشلاردىن چۇسا ۋە چىۋىنلەرگە ئوخشاشلىرىنى يەيدىغانلىرىمۇ بار. ئۈزۈن يىللىق دەرەخلەرنى تۆمشۇقلىرى بىلەن كولاپ، قۇرتلىرىنى چىقىرىپ ئوزۇقلىنىدىغان ئىككى قۇش بار، ئۇلار ھەجىمدە ئەمەس، باشقا جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاش بولۇپ، قۇرتلارنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىز قوغلاپ كولايدۇ.

قۇشلارنىڭ يىرتقۇچلىرى ئۆز جىنسىدىن باشقا كۈچى يېتىدىغان بارلىق جانىۋارلارنى تۇتۇپ يەۋېرىدۇ. ئۇلار ئۆز جىنسىدىن يېمەكنى ناگان - ناگاندا، زادى ئامال بولمىغاندا، نىيەت قىلىدۇ، بۇ سۆزۈمدىكى مەقسەت شۇكى، بەزى شۇڭقارلار بىرەر يىرتقۇچ قۇشنى يېيىش توغرا كېلىپ قالسا، بۇ شۇنداق ئەھۋالدا بولىدۇكى، ئاشۇ يىرتقۇچ تۇتقان ئوۋنى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىۋالىمەن دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭغا قەست قىلىپ قويغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئولجىنى تارتىۋالىدۇ. مۇبادا خىيالى بىكار بولۇپ، مەقسەت ئەمەلگە ئاشمىسا (ئۇنىڭ چاڭگىلىدا ئوۋ بولمىسا)، ئاچلىق ئىشتىھاسى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئۆزىنى يېيىشكە يۈزلىنىپ قالىدۇ.

يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ سۇ ئىچىشى ئازدىن ئاز بولىدۇ.
تۇرنىلار يېپقا تىزىلغاندەك قاتار - قاتار ئۇچۇشىدۇ، ئۇلارغا بىر

تۈرنا باشلامچىلىق قىلىدۇ.

قەتا[1] يېيىلغان ھالەتتە ئۇچىدۇ.

قۇشلارنىڭ توپلىرى ئۇچۇۋاتقان چاغلىرىدا بىرەر ئەھۋالنىڭ كۆرۈلمەسلىكى ئۇچۇن يول بويى كۆرگەن ۋەقەلىرىدىن باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىدۇ.

قۇشلارنىڭ ئەلۇفاس دېگەن تۈرى بار، ئۇ تەقلىدچى كېلىدۇ، ئۇسسۇلغا چۇشۇۋاتقان ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇلغا چۇشىدۇ.

ئىستاخىر دېگەن ھىندى قۇشلاردىن ئىنسان تىلىغا ئوخشاش تىل بىلىدىغانلىرى بار دەپ سۆزلەيدۇ. ئۇ شاراب ئىچسە ناھايىتى بىئارام بولۇپ كېتەرمىش. بۇ قۇشنى ئادەملەرنىڭ گېپىنى دورايدۇ، دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ قۇش تۇتى بولۇشى پەرەزدىن خالىي بولمىسا كېرەك.

يامغۇر بولغان ۋاقىتتا دېڭىز سۇيىمۇ شېرىن بولىدۇ.

باشقا تىرىك زاتلار ئىچىدە سۇنى ئازراق ئىستېمال قىلىدىغانلىرى قۇشلاردۇر. چاڭگىلىق قۇشلار بولسا سۇ ئىچمەيدۇ. قۇشلارنىڭ بىتاب بولغىنى پەيلىرىنىڭ ھۇرپىيىشلىرىدىن ۋە ئۇنىڭدىكى پەيلەرنىڭ چۇشۇپ كېتىشىدىن ئېنىق بىلىنىدۇ.

توخۇنىڭ تۇخۇمى ئون كۇندە ياكى شۇنىڭغا يېقىن كۇندە يېتىلىدۇ. كەپتەر تۇخۇمىنىڭ ۋاقتى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقىراق بولىدۇ. لېكىن كەپتەرنىڭ چىشىسى ئاغرىق ۋە باشقا ئېغىرچىلىقلارنى

---

[1] قەتا — كەكلىكنىڭ بىر تۈرى.

بىرقانچە كۈن كۆتۈرۈشكە، ھەتتا قايتۇرۇشقا قادىر بولالايدۇ. بولۇپمۇ ئۇۋۇسىغا بىرەر مالاللىق يەتكەندە، قانىتى ئۇچۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھالەتتە زەخىملەنگەندە ياكى ئۆزىگە بىرەر كېسەللىك يەتكەندە چىدامچانلىق بىلەن قۇتۇلۇپ كېتىدۇ.

كەپتەرلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قۇشلار ئىككىدىن تۇخۇم تۇغىدۇ، ئەڭ كۆپ دېگەندە ئۈچ تۇخۇم تۇغىدۇ. ئۇ ئىككىدىن ئارتۇق بالا چىقارمايدۇ. ئەگەر بىرىنچى تۇخۇمغا بىرەر بۇزۇلۇش يەتكەن بولسا، زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن يېڭىدىن تۇخۇم چىقىرىپ تولۇقلايدۇ.

پاختەكلەر ئۈچ ئاي ئىچىدە تۇخۇم تۇغىدۇ. ئۇ تۇخۇمىنى 14 كۈن كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. 14 كۈن بېسىپ ياتىدۇ ۋە شۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن باللىرى تۇخۇمدىن چىقىدۇ.

بەزىلەرنىڭ پىكرىچە، پاختەك 40 يىل ياشايدۇ، كەكلىك بولسا 16 يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ سەل كۆپرەك ياشايدۇ.

كەپتەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان قۇشلارنىڭ ئەركىكى تۇخۇمىنى كۈندۈزنىڭ بىر قىسمىدا بېسىپ ياتسا، چىشىسى كۈننىڭ قالغان قىسمىدا ۋە كېچىنىڭ ھەممىسىدە بېسىپ ياتىدۇ. 20 كۈندىن كېيىن تۇخۇمىنى سۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن بالىنى چىقىرىش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. كېيىن باچكىسى ئۆزىنى تۈزەشتۈرەلىگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئىسسىتىشقا ۋە بېقىشقا ھەر ئىككىسى بىر قانچە كۈن نۆۋەت بىلەن قارايدۇ. چىشىسى تۇخۇم ۋە باچكىلاردىن خەۋەر ئېلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئەركىكى بولسا يەم بىلەن تەمىنلەشكە كىرىشكەن بولىدۇ.

كەپتەر بىر يىلدا كۆپىنچە 12 قېتىم تۇخۇم باسىدۇ.
قۇشلاردىن بىر خىلى باركى، ئۇچقان ۋاقىتتا ئىككى پۇتىنى ئارقا

تەرەپكە ئۇزارتقىنىچە، بىر خىلدا ئىككى پۇتىنى قارنى تەرەپكە قىسىپ تۇرۇپ ئۇچىدۇ.

قۇشلاردىن قايسىبىرىنىڭ تىلى ئەنلىك ـــ كەڭ بولسا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ سۆزىگە تەقلىد قىلىدىغان بولىدۇ.

ئىدۇن دەپ ئاتىلىدىغان قۇشلاردىن بىرى باشقا قۇش بالىسىغا ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇ قۇش بالىسىمۇ ئۇنىڭ ئاۋاز ئاھاڭىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغانلىقىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، قۇشلار ئىچىدە بەزىسى تەبىئىتىگە بىنائەن ئەگىشەر، بەزىسى ئۆگىتىش ۋە تەقلىد بىلەن ئەگىشەر ئىكەن.

ھەسەل ھەرىلىرى بىرلا باشلىققا ئىتائەت قىلىدۇ. چۈمۈلىلەر توپ بولۇپ ياشىسىمۇ، ئۇلاردا باشلىق بولمايدۇ.
ھەسەل ھەرىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان جانىۋارنىڭ قانىتى ئاجراپ كەتسە، باشقىدىن قانات ئۆسۈپ چىقمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ نەيزىسى (نەشتەر) ئۈزۈلۈپ قالسا ئورنىغا باشقا نەشتەر ئۆسۈپ چىقمايدۇ، بەلكى ئۇلۇپ كېتىدۇ. بەزى ھەسەل ھەرىسىنى كېسىپ ئىككىگە بۆلۈپ تاشلانغاندىن كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتقىچە ياشاۋېرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بېشى كۆكرىكى بىلەن بىرگە كېسىلسە ياكى گەۋدىسى قېلىپ بېشى كېسىلسە، شۇئانلا ئۆلىدۇ.

كېچىسى چىرىلدايدىغان قارا چېكەتكىنىڭ ئاغزى بولمايدۇ، بەلكى تىلغا ئوخشاش بېشىدىن ئۆسۈپ چىققان ئۇزۇن بىر ئەزاسى بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆشۈكىمۇ، ئىچىدىكى ئەزالىرىدا قالدۇق نەرسىمۇ يوق. ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يۇپقا پەردە بار.

ئومۇرتقىسىزلاردا ئۆتكۈر سەزگۈ قۇراللىرى بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۇراش، تارتىش، يىراقتىن ئاڭلاش سەزگۈ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار. ئۇلارغا بەزى پۇراقلار مۇۋاپىق كەلسە، بەزىسى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

ئومۇرتقىسىزلاردىن بەزىسىنى، مەسىلەن: چۈمۈلىنى ئالتۇن گۆگۈرتنىڭ پۇرىقى ھالاك قىلىدۇ.

چۈمۈلە ئۇۋىسى ئالدىغا بىرئاز گۈگۈت ئارىلاشقان سۇ سېپىپ قويۇلسا، ئۇلار شۇ ئۇۋىسىنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئومۇرتقىسىزلارنىڭ ھەممىسى بۇغا مۇڭگۈزىنىڭ تۈتۈنىدىن قاچىدۇ.

ھەسەل ھەرىسى سېسىق پۇراقلىق نەرسىگە كۆنمەيدۇ، ئۇ پەقەت خۇشبۇي ۋە شېرىن نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە قونىدۇ.

دېلفىن[1] ئون ئاي بالا كۆتۈرىدۇ. بالىسىنىڭ چوڭ بولۇشى ئون يىلدىن كېيىن تاماملىنىدۇ.

دېلفىن كۆپىنچە سۇنىڭ قەرىدە بالىلىرىغا مېھىر - شەپقەتلىكتۇر.

دېلفىن گۆشتىن باشقا نەرسىنى يېمەيدۇ.

يىلان ئىچىملىكنى سېغىنىدۇ، قاچان ئۇنىڭ پۇرىقىنى سەزسە، ئۆزىنى تۇتالمايدۇ.

يىلان تۇخۇم ۋە چۈجىلەرنى پۈتۈن ۋە تىرىك يۇتىدۇ. ئەگەر يىلان سۆڭەكنى يۇتۇپ قالسا، ئۇنى ئارقا تەرىپىگە قايتۇرۇپ، كېيىن ئۆزىنى قىسىدۇ ۋە ئاز ۋاقىت ئۆتمەي سۆڭەك پارچىلىنىپ كېتىدۇ. يىلان ۋە باشقا زەھەرلىك جانىۋارلار يېمەكسىز ئۇزاق مۇددەت ياشىيالايدۇ. بۇ سېزىش قۇراللىرىنىڭ گۈۋاھلىقى بىلەن بىلىنىدۇ.
كىچىك بىلىقلار كۆپىنچە ئىسسىقنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن

[1] دېلفىن — كىتسىمان تۈركۈملىرىدىن بىر تۈرى بولۇپ، دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان.

ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ. دېڭىز بېلىقلىرى ۋە دەريا بېلىقلىرىمۇ نامازشام قارىغۇسى بولۇپ، كېچىسى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇياش چىقىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئوۋلاش ئاسانراق.

تىمساھ سۇدا قۇيرۇقى ۋە پۇتلىرى بىلەن ئۈزىدۇ.

قىسقۇچپاقىدا سەككىز پۇت بولىدۇ.

بېلىقلاردا ئىككى قۇلاق بولۇپ، سۇنى شۇنىڭدىن چىقىرىدۇ. بەزى بېلىقلاردا ئۈزۈنىسىغا تۆت قانات بولىدۇ؛ مەسىلەن: يىلانبېلىق قاتارلىقلار. بەزى بېلىقلاردا ئىككى قۇلاق ئالدىدا ئىككى قانات بولىدۇ. ئۈزۈن بېلىقلاردىن قايسىبىرىدە نە قانات، نە قۇلاق بولسا.

قۇيرۇقسىز پاقىنىڭ قۇلىقى قاتتىق، قوپال، تىكەنلىك بولىدۇ. ئۈستىدە يۇپقا پەردە بولىدۇ ـ دە، شۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۇرۇلداش ئاۋۇشى چىقىدۇ.

ئەقسىقىياس دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل بېلىقتا قەۋەت ـ قەۋەت بولغان سەككىز قۇلاق بار. بېلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىدا تۇغىدىغان تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭكىدەك يۈڭ، تۈك، تۇخۇم تۇغىدىغان تۆت پۇتلۇقتا ئوخشاش يۇپقا پوستى ۋە قۇشلاردەك پەيلىرى بولمايدۇ.

دېڭىزدا ياشىغۇچى يىلانلارنىڭ باشلىرى قوپال ۋە قاتتىق بولىدۇ. بۇلارنىڭ ياشاش جايلىرى قىرغاقلار ياكى سۇنىڭ ئوتتۇرىسى ئەمەس، بەلكى تېگىگە يېقىن جايلىرىدۇر.

يىلاندا ئوتتۇزدەك قوۋۇرغا بولىدۇ.

يىلان قۇيرۇقى ۋە سۇ كەلتەكېسەگىنىڭ[1] قۇيرۇقى كېسىلگەندىن كېيىنمۇ قايتىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ.

سۇ كۆپۈكلىرى ئىچىدە شۇڭغۇيدىغان، ئاسانلىقچە تۇتقىلى بولىدىغان بېلىقلارنى كۆرگەنمەن. شۇنىڭدەك يەنە ئاھاڭ، دومبىرا ۋە چاڭ ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە يول ئالغان بېلىقلارنىمۇ كۆرگەنمەن. بۇنداق بېلىقلار نەغمە ـ ناۋا بولغان يەرگە يېقىنلاشقاندا قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان كىشىلەردەك قىمىرلىماي تۇرۇپ قالىدۇ. مۇزىكا ساداسى قاچان ئۈزۈلسە ئاندىن كېتىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ تاۋۇش قايتىدىن قايتىلانسا، بېلىقلار يەنە قايتىپ كېلىدۇ.

كېمىچىلەر بېلىق تۇتۇشقا نىيەت قىلىشسا، بېلىقلارنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پالاقلارنى ھەرىكەتتىن توختىتىدۇ، ئاۋازلىرىنى پەس قىلىدۇ ۋە ھەرىكەت ئاڭلانمىسۇن دەپ، كېمىنىڭ يەلكىنىنى پەسكە تارتىپ چۈشۈرىدۇ. ئەگەر بېلىقلار ئەتراپلىق ئوراپ ئېلىنغۇدەك بولسا، كەلپىشىپ قالغان بېلىقلار ئاۋاز چىقىرىشىدۇ ـ دە، شۇ چاغدا تاۋۇش چىقىرىدىغان بىرەر نەرسىنى چېلىشىدۇ ـ دە، بېلىقلار سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يەرگە توپلىنىدۇ. بېلىقلارنىڭ بىر قىسمى ئاستا ـ ئاستا ھەرىكەت قىلىۋاتقىنى ئايان بولسا، ئۇلارنى تور بىلەن يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئاستا ئامال قىلىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئېھتىيات قىلىشمىسا، بېلىقلار بىردەك قېچىشىدۇ. دېمەك، بېلىقلارمۇ ئاڭلايدۇ، بەلكى تەجرىبىلىك كىشىلەر بېلىقلارنىڭ ئاڭلاش قورالى قالتىس ۋە ئۆزى زېرەك كېلىدۇ، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن.

دېلفىندىن چاقىرىشقا ئوخشاش چۇرۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆپكىسى بار، لېكىن ئۇ بۇ ئاۋازنى قۇرۇقلۇقتا چىقارمايدۇ.

---

[1] كەلتەكېسەگ ــــ سۆرىلىپ ماڭىدىغانلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان قۇيرۇقى ئۇزۇن، تېرىسى ئۇششاق تەڭگىسىمان جانىۋار.

يىلانلار چۈرۈلدىشىدۇ. تاشپاقىنىڭ ئاۋازى زەئىپ بولىدۇ. قۇيرۇقسىز پاقىدا بىلىق تىلىغا ئوخشىغان يېپىشقاق تىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋاقىلدىشى پەقەت سۇ ئىچىدە ۋە ئاستىنقى جاغى سۇغا كىرىپ تۇرغان ۋاقىتتا بولىدۇ. سۇدىن تاشقىرىدا باشقىچە، نەپەستىن چىقىدىغان سوزۇق ئاۋاز بولىدۇ. قۇيرۇقسىز پاقا ۋاقىلدىغان ۋاقىتدا قاتتىق كۆچىگەنلىكىدىن كۆزلىرى يۇقىرىغا تارتىشىپ كېتىدۇ.

دېلفىنمۇ ئۇخلايدۇ، ئۇيقۇدا دېلفىننىڭ خورەك تارتقىنىنى ئادەملەر ئاڭلىغان.

ئومۇرتقىسىز جانىۋارلارمۇ ئۇخلايدۇ، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ كۆندۈز كۆنلىرى ھەرىكەتسىز بولۇشلىرى دەلىل بولىدۇ.

## ئەزالار ھەققىدە

نېرۋىلار مېڭە ياكى ئارقا مېڭىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان ئاق، مەيىن جىنسلار بولۇپ، ئۇلار تۇزۇلۇشتە مۇلايىم ۋە ئاجرىلىشتا قاتتىق بولىدۇ. نېرۋىلار ئەزالارنىڭ سېزىشى ۋە ھەرىكىتىنىڭ تولۇق بولۇشى ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

پەيلەر مۇسكۇللار ئەتراپىدا ئۆسىدىغان نېرۋىلارغا ئوخشاش جىسىملاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەرىكەتچان ئەزالار بىلەن ئۈچرىشىپ، بەزىدە ئۆزىنىڭ تارتىلىشى (تىزگىنلىشى) بىلەن ئاشۇ ھەرىكەتلىك ئەزالارنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ.

گالىن (جالىنۇس): «ئەزالاردىن بەزىسىدە پەقەت مېھنەت، بەزىسىدە پەقەت مەنپەئەت بولسا، مېھنەتمۇ ھەم مەنپەئەتمۇ بىرگە بولىدۇ، بىرىنچىسىگە يۈرەك مىسال بولالايدۇ. ئىككىنچىسىگە ئۆپكە، ئۈچىنچىسىگە جىگەر قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ» دەيدۇ.

سىزىش نىرۋا ئەزالىرى ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.

ھەزىم قىلىش گۆشلۈك ئەزا بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىلا ئىشىنىڭ ھەربىرىگە ئالاھىدە قەۋەت ھاسىل قىلىنغان. سىزىش ئۈچۈن نىرۋىلىك قەۋەت، ھەزىم قىلىش ئۈچۈن گۆشلۈك قەۋەت بەلگىلەنگەن. ئىچكى قەۋەت نىرۋىلىق، تاشقى قەۋەت بولسا گۆشلۈك قىلىنغان.

ئىككى كۆز باشقا ئەزالارغا قارىغاندا كىشىنىڭ سۆيەتلىرىگە كۆپرەك دالالەت قىلغۇچىدۇر. يەنە ئۇ ئاچچىقلىنىش، شادلىنىش، غەم - ئەندىشىگە دۇچار بولۇش ۋە باشقا ۋاقىتلاردا كىشىنىڭ تەسىرلىنىشلىرىگە نىسبەتەن باشقا ئەزالارغا قارىغاندا كۆپرەك دالالەت ئىپادە قىلغۇچىدۇر.

قۇلاقلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئاڭلاش ئۈچۈندۇر.

ئىنساندىن باشقا ھەر بىر قۇلاقلىق جانىۋارلار ئۆزىنىڭ قۇلاقلىرىنى مىدىرلىتالايدۇ. ئەمما ئىنسانلاردىن ئايرىملىرى باركى، ئۇلارمۇ بەزىدە قۇلاقلىرىنى كۈچسىز بىر ھەرىكەت بىلەن مىدىرلىتالايدۇ.

يۈرەك قاتتىق، مېڭە يۇمشاق بولىدۇ.

تېرە گۆشلۈك بولمىسا ئۇنىڭدا سەزگۈ بولمايدۇ. بولۇپمۇ باش تېرىسى، ئۇنىڭدا ئەلۋەتتە سەزگۈ يوق.

چاچ - تۈك بەزىدە ھۆسن ۋە بېزەك ئۈچۈن يارىتىلىدۇ. مەسىلەن: ساقال. بەزىدە ئۇ پايدىسى بولغانلىقتىن يارىتىلىدۇ، كۆز ئەتراپىدىكى كىرپىك بىلەن ئىككى قاشقا ئوخشاش.

ئوتلاق يەر ئەگەردە ياخشى بولسا، ھايۋانلارنىڭ يۈك - تۈكلىرى كۆپ بولىدۇ. ئىسسىق مىجەزلىك ھايۋانلارنىڭ يۇڭى بۇدۇرگە مايىل بولىدۇ. ئەگەر ھارارەت ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ چاغدا چاچ زەڭگىلەرگە ئوخشاش قاتتىق، بۇدۇر بولۇپ كېتىدۇ.

بەزىدە بىرەر بىتابلىق تۈپەيلى چاچ ئاقىرىپ كېتىدۇ، كېيىن ئۇ چاچلار چۈشۈپ، ئورنىغا يەنە قارا چاچلار ئۈنۈپ چىقىدۇ.

ئەڭ ئاۋۋال ئاقىرىدىغىنى ئىككى چېكىدىكى چاچ ۋە باشنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چاچتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى مۇسكۇلنىڭ نەملىككە يېقىن بولۇشى ۋە ئۇ يەرنىڭ ئىنچىكىلىكى - نازۇكلۇقىدۇر.

ھەربىر مۇلايىم نەرسە تەسىرلىنىش ۋە بوشىشىنى قوبۇل قىلىشچانراق كېلىدۇ.

ئاياللاردىن بەزىسىدە گاھىدا قېرىغان ۋاقتىدا تېرىنىڭ قېلىنلىشى نەتىجىسىدە ساقال چىقىدۇ.

چاچنىڭ ئاقىرىشى ئىنسانلار خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر، لېكىن تۈرنىلارنىڭمۇ قېرىغان چاغلىرىدا پەيلىرى، تاجى كۈل رەڭلىكىدىن قارىلىققا ئايلىنىدۇ. تۈرنىلاردىكى قارىلىق ماددىسىنىڭ ئارتۇقچە ھەزىم قىلىشنىڭ ئېغىرلىقىغا سەۋەب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.